

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى









ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2018 ـ يىل 2 ـ سان

(ئومۇمي 166 ـ سان)

## ئايدىڭ كېچىلەر

شى جىنپىڭغا تەشەككۇر ............... نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى (1)
سېغىنىش ................................................ (62)

## دەۋر ۋە ئەنئەنە

ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى ..................
.................................... ئابدۇراخمان سادىق (ئۆزبېك) (4)

## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا

لۇگلى ۋۇشەن تېغىدىكى سىرلىق قىياتاش رەسىملەر توپى ...................
.................................... ئەزىزەم تۇيغۇن تەرجىمىسى (7)

## ھۈنەرلىك ئەر خار بولماس

ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى .................. مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن (9)

## ئادەت قېرىماس

باللار ئويۇنلىرى ھەققىدە ..................... زۇلپىيە تۇرسۇن (14)
جىگدىنىڭ ئىشلىتىش قىممىتى ...........................................
.................................. قەيسەر مەتتىمىن، ئىدرىس باقى ئەھمەت (17)
لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە ئادەتلىرى ...........................
.................................. تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، گۈلجەمىلە ئەزىزى (19)
ئويتاغلىقلارنىڭ توي ـ تۆكۈن ئادەتلىرى .......... داۋۇتجان سەيدى (57)
بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى .............. ئابلاجان مۇھەممەت (70)



باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتتىمىن
ئەزىزەم تۇيغۇن
مەمەتيۈسۈپ ياسىن
باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 _ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 _ 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
جەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

# جۇڭخۇا مىللىتى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىتتىپاقلىشىپ، جۇڭگو ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرايلى!

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى


ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملار توغرىسىدا ... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (27)


## كۆلكە — جان ئوزۇقى


بەرىز لەتىپىلىرى ...... توپلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا (42)

يۇمۇرلار ...... دىلفۇرۇز تۇيغۇن تەرجىمىسى (44)


## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا


تۆت ئەخمەق ...... (46)

شاھزادە مەلىكە ۋە قېدىر ئوغرى ...... (49)

ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى ...... (53)


## يورۇق يۇلتۇزلار


مەكتتە ئۆتكەن داستانچىلار ...... تاش توختى (71)


## لەقەمسىز ئەر بولماس


لەقەملەر توغرىسىدا ...... ئابلىمىت مۇھەممەت (73)


**بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 35 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 35 يىللىق تارىخىدا 166 سان نەشر قىلىندى.**

**بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!**

**ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!**


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەزىزەم تۇيغۇن
كوررېكتور: نۇرنىسا باقى
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەرىيەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1-، 2-، 3-، 4- بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئەسقەر تۇردى سىزغان
ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت تەمىنلىگەن

Chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Nurnisa Baki


民族共同团结一家亲，
共圆中国梦！


主编：
木合塔尔·买买提
(编审，法人代表)
本期责任编辑：
努尔尼沙·巴克 (副编审)
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
买买提玉素甫·牙生
主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社(乌市友好南路 716 号文联 14 层)
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：**58—60**
**E_mail**：mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شى جنپىڭغا تەشەككۈر



**نۇرمۇھەممەدجان ئىمن روزى**

راۋابىمنى سايراتقان،
زەخمەك بىلەن تارىسى.
قىينچىلىقنى ھەل قىلغان،
شى جىنپىڭنىڭ تۆھپىسى.

ئۇنتۇمايمىز ھەرگىزمۇ،
ھەر بىر قەدەم باسقاندا.
شى جىنپىڭنىڭ تۆھپىسى،
سىغماس تۈمەن داستانغا.

باغدا بۇلبۇل كەتمەيدۇ،
پۇراق چاچقان غۇنچىمىز.
ئۇلۇغ داھىي شى جىنپىڭ،
ئەڭ ئەقىللىق رولچىمىز.

تاغ چوققىسى قارىغايلىق،
تۇرار دائىم ياپيېشىل.
ئۇلۇغ رەئىس شى جىنپىڭ،
دانا، چېۋەر ھەم ئېسىل.

يۇرتىمىزدا مەھەللىدە،
ئېگىز ئۆسكەن تېرەك بار.
بەختىمىزگە ھەر دائىم،
شى جىنپىڭدەك يۆلەك بار.

تاڭ سەھەردە خورازلار،
بەس-بەس بىلەن چىللىدى.
كۆڭۈل بۆلۈپ شى جىنپىڭ،
بېشىمىزنى سىلىدى.

ئېرىشتۇردى شى جىنپىڭ،
بىزنى يېڭى دەۋرانغا.
باي بولدۇق بىز ئۇزاتساق،
قول يېتىدۇ ھەر يانغا.

قوغۇن-تاۋۇز تېرىدۇق،
بىنەم ئېچىپ سايلىققا.
ئىگە قىلدى شى جىنپىڭ،
بىزنى گۈزەل تۇرمۇشقا.

يۇرتىمىزنىڭ قوينىنى،
گۈل-چېچەككە ئورايمىز.
شى جىنپىڭدەك رەھبەرنى،
چىن يۈرەكتىن كۈيلەيمىز.

چىقىپ تۇرار يۇرتىمىزدىن،
مېۋىلەرنىڭ ياخشىسى.
شى جىنپىڭغا تۈگمەس،
ئەلنىڭ ياڭراق ناخشىسى.

ئوينايدىكەن بالىلار،
زوق-شوق بىلەن رەگەتكە.
شى جىنپىڭدەك رەھبەرنى،
ئۇنتۇمايمىز ئەبەدكە.

مول ھوسۇلنى ئالدۇق بىز،
ئېتىزلاردا كۆپ ئىشلەپ.
باي قىلماقتا شى جىنپىڭ،
بىزنى يۆلەپ يول ئېچىپ.

تاڭ بۇلبۇلى سايرايدۇ،
گۈلزارلىقتا-بوستاندا.
شى جىنپىڭنى كۈيلەيمىز،
ناخشا-قوشاق داستاندا.

يۇرتىمىزنىڭ بېغىدا،
ئالما، ئانار، گىلاس بار.
شى جىنپىڭغا دىللاردا،
چىن-مۇھەببەت ئىخلاس بار.

يۇرتىنىڭ يولى داغدام يول،
ماڭار، ھارۋا، تىراكتور.
ئورۇن ئالدى شى جىنپىڭ،
قەلبىمىزدە ئەڭ چوڭقۇر.

قىزىلگۈلنىڭ بەرگىدە،
قۇياشنىڭ نۇر-تەپتى بار.
چېۋەر بولغاچ شى جىنپىڭ،
ئەلنىڭ گۈزەل بەختى بار.

يۇرتىمىزنىڭ بېغىغا،
تىكتۇق ئەنجۈر، ئانارنى.
ئۇنتۇمايمىز بىز مەڭگۈ،
شى جىنپىڭدەك دانانى.

ھۆددە ئېلىپ يەرلەرنى،
رەتلەپ چىقتۇق قىرىدىن.
مىننەتدارمىز تائابەد،
شى جىنپىڭنىڭ مېھرىدىن.

گۈلدىن پۇراق چېچىلسا،
بۇلبۇل كۆڭلى سۆيۈنەر.
شى جىنپىڭدەك غەمگۈزار،
ئەلگە بەكمۇ كۆيۈنەر.

كەڭ ئېتىزدا مايسىلار،
دولقۇنلىنار يەلپۈنۈپ.
باي بولىمىز يىلسېرى،
شى جىنپىڭغا ئەگىشىپ.

يۇرتىنىڭ بېغى گۈلچىمەن،
ئەتىر-رەيھان پۇرايدۇ.
باي قىلغاچقا شى جىنپىڭ،
خەلق كۈلۈپ ياشنايدۇ.

يۇرتىمىزنىڭ يولىدىن،
ماشىنىلار ئۈزۈلمەس.
شى جىنپىڭنىڭ تۆھپىسى،
كۈيلىگەنگە تۈگمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئايدىڭ كېچىلەر

تاڭ سەھەردە ئېچىلار،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسى.
باشلاپ ماڭغان شى جىنپىڭ،
ئەلنىڭ چېۋەر رولچىسى.

سۇ تۇتىمىز بىنەمگە،
ئۈستەڭ چاپتۇق شۇ يانغا.
خەلقىمىزنى شى جىنپىڭ،
ئېرىشتۈردى زور شانغا.

ئاتا بىلەن ئانىنىڭ،
شەپقىتىگە كۆيىمىز.
شى جىنپىڭنى تائابەد،
قەدىرلەيمىز، سۆيىمىز.

باي بولغاچقا يۇرتىمىز،
توك چىراغلار ياندۇردى.
بىزنى رەئىس شى جىنپىڭ،
ئارزۇيۇمىزغا قاندۇردى.

يۇرتقا كەلدى شەھەردىن،
ئارتىس، دوختۇر، زىيالىي.
كېچە-كۈندۈز بىز ھەقتە،
شى جىنپىڭنىڭ خىيالى.

كۆتۈرۈلدى نۇر قۇياش،
گۈل ئېچىلدى بىر تۇتاش.
ئۇلۇغ داھىي شى جىنپىڭ،
پۇقرا بىلەن قەلبداش.

ئېتىزدا ئىش قىلغاچقا،
بەدەن گاھىدەك تاۋلاندى.
شى جىنپىڭ بار، ئارزۇلار،
رېئاللىققا ئايلاندى.

تاماق يېدى مېھمانلار،
پولۇ، كاۋاپ، سەي بىلەن.
شى جىنپىڭنى كۈيلىدۇق،
دۇتار، راۋاب، نەي بىلەن.

مېھمان كەلسە ئاق ئۇندا،
لەگمەننى ئېتەلەيمىز.
شى جىنپىڭ بار، تېخىمۇ،
باي بولۇپ كېتەلەيمىز.

سۇ ئېچىشقا توپلاندۇق،
دەرەخ — تۈۋى سايغا.
باشلاپ ماڭار شى جىنپىڭ،
بىزنى پارلاق غايىگە.

پىلانلىدۇق ئىشلارنى،
كادىر، پۇقرا كېلىشىپ.
باي بولۇشقا ئاتلاندۇق،
شى جىنپىڭغا ئەگىشىپ.

ئوبدان غىزا راسلىدۇق،
ئەتىگەنلىك ناشتىغا.
قايىللىقىمىز كۆپتۇر،
شى جىنپىڭدەك يولباشچىغا.

يولغا چىققان كارۋاننى،
توسالمايدۇ مۇز داۋان.
رەئىسىمىز شى جىنپىڭ،
بولۇڭ مەڭگۈ سىز ئامان.

قولغا سالغان ئۈزۈكنىڭ،
جىلڭ ياقۇتتىن كۆزى بار.
شى جىنپىڭغا خەلقىنىڭ،
تەشەككۈرى، سۆزى بار.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيەلىك سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈش مەركىزىدىن)

مۇھەررىرى: ئەزىزەم تۇيغۇن

MIRAS



# ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايلى

ئابدۇراخمان سادىق (ئۆزبېك)

ۋەتەن بىزنىڭ ئانىمىز، ئىتتىپاقلىق بىزنىڭ ئەبەدىي بۇزۇلماس قورغانىمىز. دېمەك ۋەتەننى سۆيۈشىمىز، ئىتتىپاقلىقنى قوغدىشىمىز ھەر بىر پۇقرانىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇقەددەس بۇرچىدۇر. شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، ھەر مىللەت خەلقى بىللە ئىشلەپ، بىللە ياشاپ بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش. يېقىندىن بۇيان، «ئۈچ خىل كۈچ» «مىللەت»، «دىن»نى دەستەك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىق ۋە مۇقىملىققا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزدى. شانلىق تارىخ قايتا - قايتا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، «ئىتتىپاقلىق — ئامەت، بۆلگۈنچىلىك، مالىمانچىلىق — ئاپەت»، «ئۈچ خىل كۈچ» بىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىمىز. «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ھەسسىلەپ قەدىرلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇترىتىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىدىغان تۈرلۈك قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ھەممىمىز سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، «ئۈچ ئايرىلماسلىق» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «بەشنى تونۇش» تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ھاياتنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك ئۇيۇشۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىدىكى «ئۈچ مەزگىل گىرەلىشىپ كەتكەن» كەسكىن ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، «ئۈچ خىل كۈچ»، «ئىككى يۈزلىمچى»لەرنىڭ ئېغىر زىيىنىنى ئېنىق تونۇپ، غايە - ئېتىقاد، قىممەت قاراش جەھەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، نەزەرىيە ئارقىلىق كاللىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى قەلبىمىزگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، ئىدىيەمىزنى قوراللاندۇرۇپ ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىغا جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت خەلقى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئىتتىپاقلىشىپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە ئەجەللىك زەربە بېرىپ شۇمبۇيىنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاش ھەر بىر پۇقرانىڭ پارتىيەگە، ۋەتەنگە بولغان چىن ئەقىدە بۇرچىمىز. شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشتە ئىككى يۈزلىمچى ۋە «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى كۈرەشنى بوشاشتۇرماي «ئىش ئۈملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە» بولۇپ ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە دۈشمەنگە مۇشت ئېتىپ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇپ باش

كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىش كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان-
دىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈن مەم-
لىكەت خەلقىگە ئوخشاش ئازادلىققا ئېرىشىپ دۆلەتنىڭ
غوجايىنىغا ئايلاندى. پارتىيەنىڭ مىللىي سىياستىنىڭ
پارلاق نۇرى ئاستىدا شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرى ئۈز-
لۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بارلىق-
قا كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يە-
غىندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھەر ساھە ئىشلىرىدا كىشىنى
خۇشال قىلىدىغان غايەت زور تەرەققىياتلار بارلىققا
كەلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتايىدىن بۇيان باش شۇجى شى
جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىن-
جاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك خىزمەت-
لەرگە يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېقىندىن كۆڭۈل
بولدى. مەركەزنىڭ 2 - قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى
سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، پارتىيەمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى
شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ،
ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك تەدبىرلىرىنى
بېكىتىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش
نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ
ياخشى ئىشلەشنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيەمىزنىڭ
توغرا رەھبەرلىكىدە ۋە غەمخورلۇقىدا باياشات، خاتىرجەم
ياشاۋاتقان تۇرمۇشىمىزغا «ئۈچ خىل كۈچ» خىرىس
قىلىپ كىرىپ، پاراكەندىچىلىك سالدى، پارتىيەمىز دەل
ۋاقتىدا بايقاپ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ھەر مىللەت خەلقى-
نى خاتىرجەم تۇرمۇشقا قايتىدىن ئىگە قىلدى. ھەر مىللەت
خەلقى پارتىيەمىزنىڭ بۇ دانا تەدبىرىدىن چەكسىز مىننەت-
دارمىز، بىز پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىقىمىزنى ئەمەلىيە-
تىمىز ئارقىلىق «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇش ئارقى-
لىق جاۋاب قايتۇرىمىز. «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى
كۈرەش بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ جۇملىسىدىندۇر، شۇنداقلا
پارتىيەگە بولغان ئېتىقاد، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىمىزنى



كونكرېت جانلىق ئىپادىلەپ بېرىش يولىدا ھەر بىرىمىز-
نىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزنىڭ يارقىن ئىپا-
دىسىدۇر. ھەممىمىز بىرلىكتە تېررورلۇققا، بۆلگۈنچىلىككە
قارشى كۈرەشتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قىنى قوغداشتا چوڭ ھەق، چوڭ ناھەق مەسىلىسىدە مەي-
دانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ۋەتەننىڭ
بىرلىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ھەممىمىزنىڭ
شەرەپلىك ۋەزىپىمىزدۇر. ۋەتەننى «ئۈچ خىل كۈچ»تىن
قوغدايدىغان، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، بۆلگۈنچىلىك-
كە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستراتې-
گىيەلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە داۋاملىق ئېلىپ بېرىش پىرىنسى-
پىدا چىڭ تۇرۇپ «ئۈچ خىل كۈچ»كە قارشى تۇرۇش
ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇشىمىز كېرەك. «ئۈچ خىل
كۈچ»كە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ھەر ۋاقىت مېڭىمىزنى
سەگەك تۇتۇپ، دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى بىلەن
ئىدېئولوگىيە سەھەسىدىكى كۈرەش نىشانىنى ئېنىق بىلىش
كېرەك. دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى
قوغداش، پارتىيەگە بولغان چىن ئېتىقاد، ئەقىدە، ۋەتەنگە
بولغان مۇھەببەت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بولغان چوڭقۇر
ھېسسىيات ھەر بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە پارلاپ تۇرغاندا
«ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ھەيۋىسى يەر بىلەن يەكسان بولى-
دۇ، شىنجاڭ ئەزەلدىنلا بىر مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراق-
لاشقان جاي ئەمەس، بەلكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئول-
تۇراقلاشقان، ھەر خىل مەدەنىيەت بىرلىكتە مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان جاي. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى
ئەبەدىي داۋام ئېتىشتا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇھىم رول
ئوينايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە
مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىش لازىم. شىنجاڭ كۆپ مىللەت
توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. دېمەك، مىللەتلەر ئىتتى-
پاقلىقى، شىنجاڭنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسى ئىجتىمائىي مۇ-
قىملىقى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك. ھەرقايسى مىللەت-
لەر ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا ھۆرمەتلەش، ئۆزئارا
قوللاش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشتە ئىناق
مۇھىت ۋە كەيپىياتنى يارىتىپ ئىجتىمائىي مۇقىملىق سېپى-
دە ئۆز رولىمىزنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، «ئۈچ
خىل كۈچ»نىڭ بۆلگۈنچىلىك، تېررورلۇق، زوراۋانلىق
ھەرىكەتلىرى ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. «ئۈچ خىل
كۈچ» زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ھالاك بولغۇچىلاردۇر، باش
شۇجى شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدىكى كومپارتىيەنىڭ توغرا
رەھبەرلىكىدە «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە
ئۇرۇپ، شۇمبۇينى يۇلغاندەك يۇلۇپ تاشلاپ نەسلىنى
قۇرۇتۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، خەلق خاتىر-
جەم، مىللەتلەر ئىتتىپاقى گۈللەنگەن ياخشى ۋەزىيەتنى يا-
رىتىش، ھەر مىللەت خەلقى خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك
زىچ ئۇيۇشۇپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق ئۆتۈش
ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل ئارزۇسى.

نۆۋەتتە ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك-
دىن ئىبارەت باش نىشانىنى چۆرىدەپ، ھاللىق جەمئىيەت
بەرپا قىلىش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش،
گۈزەل يۇرت ماكان قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتا،
پۈتكۈل جەمئىيەت ئەنە شۇنداق ئالىيجانابلىق روھ،
ئېسىل خىسلەت، پەزىلەتكە ئىگە بولغان ئاۋانگارت جەڭ-
چىلەرگە موھتاج. دېمەك، ھەممىمىزدە مەن بىر جەڭچى،
ۋەتەننىڭ ئامانلىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدايدى-
غان، مەن بىر تەشۋىقاتچى، ئۇلۇغ پارتىيەمىزنىڭ مېھىر -
شەپقىتىنى، دانا سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مەن
بىر قامچا، پارتىيەگە تۇزكورلۇق قىلغانلارنى ۋە ئىككى
يۈزلىمچىلەرنى قامچىلايدىغان، مەن بىر ھارماس
بۇلبۇل، پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلى-
قىنى كۈيلەيدىغان دېگەن روھ بولۇش كېرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت داۋامىدا پارتىيە 19 - قۇ-
رۇلتاينىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ،
ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىم-
لىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن،
بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، شىنجاڭنى
تېخىمۇ گۈزەل ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر
كىشىلىك تۆھپىمىزنى قوشۇشىمىز لازىم.

(ئاپتور: ئۇرۇمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

**مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى**

# لوڭلى ۋۇشەن تېغىدىكى سىرلىق
# قىيا تاش رەسىملەر توپى







لوڭلى ۋۇشەن قىياتاش رەسىملىرى كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، مەزمۇنىنىڭ مولل ۇقى، سىزىلغان دەۋرىنىڭ قەدىمىيلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئاممىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. لوڭلى ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملەر توپى گۈيجۇ ئۆلكىسى لوڭلى ناھىيەسى، گۇجياۋ بازىرى گۇيۋەن يېزىسى ۋۇشەن كەنتى ئەتراپىغا جايلاشقان.

گۈيياڭ يېڭى يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيولىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولغان شياۋبى ھەق ئېلىش پونكىتىدىن بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىردىن ئاشىدىغان چوڭ قۇرغاق جىلغا كۆۋرۈكى بار بولۇپ، كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ئەينى يىللاردا قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرنى باشلىغاندا بېسىپ ئۆتكەن چوڭ قۇرغاق جىلغا ئىدى. چوڭ قۇرغاق جىلغا چوڭقۇرلۇقى نەچچە ئون مېتىر، كەڭلىكى ئون نەچچە مېتىردىن يۈز نەچچە مېتىرغىچە كېلىدۇ. جىلغا تېگىدىكى پەسىللىك دەريادا پەقەت ياز پەسلىدىلا سۇ بار بولۇپ باشقا پەسىللەردە دەريا قىنىدىكى يوغان تاشلاردىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايتتى. شۇڭا چوڭ قۇرغاق جىلغا دەپ نام ئالغان. جىلغىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ئىككى كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر سۇ توسمىسى بولۇپ سۇدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بىر تىك قىيالىق ئاق قىيا دەپ ئاتىلىدۇ. مانا بۇ مەشھۇر لوڭلى ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرى جايلاشقان جايدۇر.

قىيا تاش رەسىملىرى جايلاشقان قىيالىقنىڭ يۈزى ئېللىپىس شەكلىدە بولۇپ شىمالغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. ئالدى تەرىپى كەڭ كەتكەن جىلغىدۇر، قىيانىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ يېرىمى قىيا ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولۇپ يىل بويى يامغۇر سۈيىمۇ تەگمەيدىكەن، قۇياش نۇرىمۇ تىك چۈشمەيدىكەن. قىيانىڭ ئاستى قىسمىنىڭ تۆت يېرىدە تاغ ئۆڭكۈرى بار بولۇپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئۆڭكۈردە بىر بۇلاق بار ئىكەن. قالغان ئۈچ ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزى كىچىك بولۇپ ئىچى ئازادە، قۇرغاق ئىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ تورۇسلىرىدا دەۋرى ئېنىق بولمىغان ئىسلانغان ئىزلار بار ئىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئاستىدا نەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتا دۆۋىلەنمىلەر بار ئىكەن. پۈتۈن قىيانىڭ ئېگىزلىكى 40 ـ 60 مېتىرچە، ئۇزۇنلۇقى 150 مېتىر ئەتراپىدا كېلىدىكەن. قوڭۇر رەڭلىك قىيا تاش رەسىملىرى قىيانىڭ ئاستى قىسمىدىكى ئېگىزلىكى بىر مېتىردىن بەش مېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىرگىچە بولغان دائىرىگە مەركەزلەشكەن ئىكەن.

100 مېتىرچە دائىرىگە سىزىلغان قىيا تاش رەسىملىرى جەمئىي 400 پارچىدىن ئارتۇق رەسىمدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ جايلاشقان قىيا يۈزى ۋە كۆلىمى، سانى جەھەتتە گۈيجۇدىكى قىيا تاش رەسىملىرى رېكورتىنى ياراتقان. قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر دەك

ئەمەس. چوڭلىرىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى 50 سانتىمېتىر كەلسە، كىچىكلىرى پەقەت بىر نەچچە سانتىمېتىر كېلىدىكەن. ھەر بىر پارچە رەسىمنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتىنمۇ گۈيجۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ رېكورتىنى ياراتقان. قىيا تاش رەسىملىرى مەزمۇن جەھەتتە نەزىر-چىراغ، ئۇسسۇل كۆرۈنۈشى، ئىپتىدائىي جىنسىي ئەزا چوقۇنمىچىلىقى، سورگۈن شەكىللىرى، ئىتىز-ئېرىق شەكىللىرى شۇنداقلا ھەر خىل شەكىلدىكى كالا، ئات، قوي، ئىت، توخۇ قاتارلىق رەسىم مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم مەنىسى ئېنىق بولمىغان رەسىملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، رەسىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبراز جەھەتتىن قارىغاندا ئادەم، ھايۋان، ئاسمان جىسىملىرى، مەۋھۇم بەلگىلەر قاتارلىق تۆت تۈرگە بۆلۈنۈشكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىپتىدائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇش، دىنىي ئېتىقاد، پەلسەپىۋى ئىدىيە، گۈزەللىك كۆز قارىشى قاتارلىق مول مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن. مەزمۇنىنىڭ موللۇقى جەھەتتىنمۇ گۈيجۇ قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ رېكورتىنى ياراتقان. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر دەسلەپكى قەدەمدە بۇ رەسىملەرنىڭ سىزىلغان دەۋرىنى ئەمنىيەنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن باشلاپ ئاخىرىنى ۋېي، جىن سۇلالىرى دەۋرىگىچە سىزىلغان دەپ بېكىتكەن بولۇپ ۋاقىت ۋە قەدىمىيلىكى جەھەتتىنمۇ گۈيجۇ قىيا تاش رەسىملىرى رېكورتىنى ياراتقان. قىيا تاش رەسىملىرىدىن بۇ رەسىملەرنىڭ قىزىل رەڭلىك قەدىمكى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ سىزىلغانلىقى بېكىتىلدى. تەسۋىرلىرىمۇ جانلىق، ئىنچىكە سىزىلغان بولۇپ يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە. بۇ دۆلىتىمىزدىكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىمۇ ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال. بۇ قىيا تاش رەسىملىرى ئۆتمۈشتىكى بىلمەسلىك سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى كېيىنكى قىزدىقىش سەۋەبىدىن بولسۇن مەلۇم دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ياخشى بولغىنى يەرلىك ھۆكۈمەت دەل ۋاقتىدا قوغداش ۋاسىتىلىرىنى ئېلىپ بارغاچقا بۇ جاي بۈگۈنگىچىمۇ يەنىلا گۈيجۇدا بايقالغان بارلىق قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل قوغدىلىپ قالغان ئورۇن بولۇپ قالغان، مانا بۇ رېكورتلار ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ جەنۇبىي جوڭگودىكى قەدىمكى قىيا تاش رەسىملىرى ئىچىدىكى تىپىك ۋەكىللىك ئورنىنى بېكىتكەن.

ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرى ئەتراپىدىكى كەنتلەردە ئولتۇراقلاشقىنى خەنزۇ ئاممىسى بولۇپ ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەجدادلىرىمىز مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرىدا جاڭشىدىن كۆچۈپ كەلگەن، بۈگۈنگىچە 600 يىلدىن ئارتۇق تارىخىمىز بار دەپ قارايدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىمۇ ئاق قىيادا ئادەم، ئاتلارنىڭ رەسىملىرى بارلىقىنى بىلىدىكەن. ئەمما ھېچكىم بۇنىڭ كىمنىڭ سىزغانلىقىنى، قانداق ماتېرىيال ئىشلەتكەنلىكىنى، نېمىلەرنى سىزغانلىقىنى، نېمىشقا سىزغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار پەقەتلا ئۇ جاينى ئىنتايىن سىرلىق، ھەتتا قورقۇنچلۇق جاي دەپ قاراپ ھەتتا ئاق قىياغا يېقىنلىشىشقىمۇ پېتىنالمايدىكەن. 2001-يىلى 9-ئايدا ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ھەر ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەر، قىزىقىقۇچىلار ئۈزلۈكسىز بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئىنسانشۇناسلىق، گۈيجۇدىكى قەدىمكى مىللەتلەر تارىخى، قەدىمكى دەۋر سەنئىتى، دىنى تارىخى، قەدىمكى يېلاڭ دۆلىتى تارىخى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش تارىخى، مىللىي مەدەنىيەت ئىلمى، ئېكولوگىيە ئىلمى قاتارلىق ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان، يەنە شۇنداقلا ئايرىم-ئايرىم ھالدا بەزى ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمما ھېچقايسىسى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشكىدەك جاۋاب بېرەلمىگەن، تا ھازىرغىچە يەنىلا بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىشلار بولۇپ تۇرماقتا.

قەدىمكى ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ھازىرغىچە تېخى نۇرغۇن سىرلىرى يېشىلگىنى يوق. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر نەچچە جايدا باشقا قەدىمىي قىيا تاش رەسىملىرىنى بايقىغان. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئۆڭكۈر ئىچىگە سىزىلغان رەسىملەرمۇ بار. كىشىلەر بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋۇشەن قىيا تاش رەسىملىرى توپى، دەپ ئاتىغان. بۇ بىر توپ قىيا تاش رەسىملىرى ئارىسىدا قانداق باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن؟

ئەزىزەم تۇيغۇن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكى



مۇھەممەتتۇرسۇن ھەسەن

خەلقىمىزدە ھويلا ـ ئاران مەدەنىيىتى، ھويلا ـ ئاران چارۋىچىلىقى، ھويلا ـ ئاران ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقى، ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكى، ھويلا ـ ئاران كۆكتاتچىلىقى، ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى قاتارلىقلار ناھايىتى بۇرۇنلا كەسىپ ئالاھىدىلىكى بويىچە راۋاجلاندۇرۇلغان، ھويلا ـ ئاران مەدەنىيىتىدە ھويلىغا گۈل ـ گىياھ، كاۋا، قاپاق، ئۈزۈم تېلى ئۆستۈرۈلگەن بولسا، ھويلا ـ ئاران چارۋىچىلىقىدا قوي، ئۆچكە، كالا، ئېشەك، ئات، تۆگە قاتارلىق بىر قىسىم ھايۋانلار ئائىلىدە بېقىلىپ، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلگەن، ھويلا ـ ئاران ئۆي قۇشلىرى باقمىچىلىقىدا توخۇ، كەپتەر، غاز، ئۆردەك قاتارلىقلار ئائىلىدە بېقىلغان بولسا ھويلا ـ ئاران ساياھەتچىلىكىدە ھويلىغا چىرايلىق دەرۋازا ئورنىتىپ، تال باراڭ ئاستىغا كارىۋات قويۇپ ھويلىغا سەھەر، كەچتە سۇ سېپىپ، كارىۋات ئۈستىدە چاي ئىچكەچ سۆھبەت قۇرۇشقان، نەغمە ـ ناۋا، مەشرەپ ئۆتكۈزگەن، ھويلا ـ ئاران كۆكتاتچىلىقىدا ھويلىدا تۈرلۈك

كۆكتاتلارنى تېرىپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان بولسا، ھويلا ـ
ئاران باغۋەنچىلىكىدە ھويلا ئىچى ۋە ھويلا ئەتراپىدا
ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈت، ئۈجمە، ياڭاق،
ئەنجۈر، ئامۇت، ئانار، چىلان... قاتارلىق مېۋىلىك دە-
رەخلەرنى ئۆستۈرۈپ ئۇنىڭدىن پايدىلانغان، ھويلا ـ
ئاران ئورمانچىلىقىدا ھويلا ئەتراپىغا ياغاچ ماتېرىياللىق
دەرەخلەرنى تىكىپ ئۆستۈرگەن بولسا ھويلا ـ ئاران تې-
رىقچىلىقىدا ھويلىغا يېقىن يەرلەردە بالدۇر پىشىدىغان
ئاشلىق زىرائەتلىرى قوغۇن، تاۋۇز، قاتارلىقلارنى تېرىپ
تۇرمۇشنى موللاشتۇرغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا خەلقىمىز
ھويلا ـ ئارانلاردىن كەڭ دائىرىدە پايدىلىنىپ، ئۆزىگە
خاس ھويلا ـ ئاران مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن، تۆ-
ۋەندە ھويلا ـ ئاران مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن
بىرى بولغان ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى ئۈستىدە قىسقى-
چە توختىلىمىز.

ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى خەلقىمىزنىڭ مەدەنى-
يەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ساغلاملىق، پىسخىك روھىي
ھالەت، گۈزەللىك، سەنئەت ئېڭى قاتارلىق كۆپ خىل ئا-
مىللار بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن، خەلقىمىز
ھويلىغا باراڭ ياساپ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈپ، ئۆينىڭ ياز
كۈنلىرىدىكى ھاۋاسىنى ساپلاشتۇرغان، كاۋا، قاپاق تېرىپ
ئۆزلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى بېيىتقان. گۈل
ـ گىياھ ئۆستۈرۈپ ئېستېتىك ئېڭىنى ئىپادىلىگەن. مېۋى-
لىك باغلارنى بەرپا قىلىپ، توي، مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ
سەنئەت ھاياتىنى جانلاندۇرغان. تۈرلۈك ئەلا سورتلۇق
مېۋىلەرنى، كۆكتاتلارنى ئۆستۈرۈپ يېمەك ـ ئىچمەك،
قوشنىدارچىلىق مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان. ھويلا ئەتراپىدا
دەل ـ دەرەخ ئۆستۈرۈپ باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنى شە-
كىللەندۈرگەن... مانا مۇشۇنداق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ
ئۆزئارا زىچ بىرىكىشى، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىشى، بىر ـ بە-
رىنى شەرت قىلىشى، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى نەتى-
جىسىدە مۇكەممەل بولغان ھويلا ـ ئاران مەدەنىيىتى،
ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى شەكىللەنگەن. ھەرقايسى
يۇرتلاردا باغ نامى بىلەن (ساىباغ، گۈلباغ، چىمەنباغ...
دېگەندەك) ئاتالغان.

## ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ تۈرلىرى

بىز ھويلىدا ئۆستۈرگەن مېۋىلىك ـ مېۋىسىز دەرەخ-
لەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ باغۋەنچىلىك دەپ ئاتىساقمۇ
لېكىن ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ تۈرلىرى خېلى
كۆپ، ھەر بىر ئائىلە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مېۋە
تۈرلىرى بويىچە بىر ياكى بىر نەچچە خىل مېۋە سورتلى-
رىنى ئاساس قىلىپ ھويلىدا مېۋىلىك دەرەخ ئۆستۈرىدۇ.
بەزى ئائىلىلەر مېۋىلەرنىڭ پىشىش ئەھۋالىغا قاراپ، مېۋى-
لىك دەرەخ ئۆستۈرىدۇ. يەنە ئەتىياز، ياز، كۈز پەسلى-
رىدە نۆۋەتلىشىپ پىشىدىغان مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆس-
تۈرۈشكە ئادەتلەنگەن، بەزى ئائىلىلەر ئاتا ـ بوۋىلىرى
ياخشى كۆرگەن دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن.
مۇنداقچە ئېيتقاندا تۇپراق، سۇ، ھاۋا رايى... قاتارلىقلار-
نىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبلىك باغۋەنچىلىكىنىڭ تۈرلىرىمۇ
ئوخشىمايدۇ. دېمەك ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش
بولمىغان تۇپراق، ئوخشاش بولمىغان ھاۋا رايى،
ئوخشاش بولمىغان ئائىلىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالا-
ھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ھويلا ـ ئاران
باغۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن. ھويلا ـ ئاران
باغۋەنچىلىكىنى كېڭەيتىش، راۋاجلاندۇرۇش، تەرەققىي
قىلدۇرۇشتىمۇ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن ئىش
كۆرۈلىدۇ.

## ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكى باشقا كەسىپ تۈرلىرىگە
ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر كەسىپ. ئۇنى بەرپا قىلىشقا
ئالاھىدە ئىقتىساد، ۋاقىت، كۆپ كۈچ سەرپ بولمايدۇ.
پەرۋىش قىلىشقىمۇ مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىلمايدۇ. ئائىلە
ئەزالىرى كۆڭلىنى خۇش قىلغۇچە تەبىئىي ھالدا پەرۋىش
قىلىدۇ. مېۋىلەر پىشقان ۋاقىتتا ئائىلە ئەزالىرى ئۆزلىرى
ياخشى كۆرگەن مېۋىلەرنى خالىغان ۋاقىتتا ئۈزۈپ يەيدۇ.
كۆپ يېيىش، قايسىنى يېيىش، قايسى ۋاقىتتا يېيىش، قە-
يەردە يېيىش... دېگەنلەر پۈتۈنلەي ئائىلە ئەزالىرىنىڭ
ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ. خالىسا يەيدۇ، خالىسا باشقىلارغا بې-
رىدۇ، خالىسا تاۋارغا ئايلاندۇرىدۇ، ئىشقىلىپ ھەر خىل
ئۇسۇلدا پايدىلىنىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئائىلىدە ئوخشاش
بولمىغان باغۋەنچىلىك تۈرى شەكىللەنگەن ۋە باغۋەنچى-
لىك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا خەلقىمىز ھويلا ـ ئا-
رانلىرىدا باغ بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

خەلقىمىز ھويلا ـ ئاران باغۋەنچىلىكىنى نوقۇل ھال-
دىكى مېۋە يېيىش دەپ قارىمىغان، بەلكى ئارام ئېلىش،
پىسخىك روھىي ھالەتنى تەڭشەش، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش،

www.uyghurkitap.com



جاپا ـ مۇشەققەت، قىيىنچىلىق، خاپىلىقنى ئۇنتۇش قاتارلىقـ
لاردا ئۇنىڭ رولىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭـ
دىن ئەجايىپ يوسۇندا پايدىلانغان. ھازىر ھەممە ئائىلەـ
لەرنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى مېۋىلىك باغلىرى بار، دېھـ
قانلار ئېتىزدىن ھېرىپ، ئېچىپ كېلىپ، ئۆيدە ئازراق
ئارام ئالغاندىن كېيىن بېغىغا كىرىپ مېۋىلىرىنى تېتىپ باقىـ
دۇ. يوپۇرماقلىرىنى سىيلاپ قويىدۇ، دەرەخ سايىسىدە
ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدۇ، ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇپ
تاشلايدۇ. دەرەخ ئەتراپىنى چاناپ بوشىتىدۇ، ئوغۇتلايدۇ،
سۇغىرىدۇ، ياۋا پۇتاقلىرىنى چاتايدۇ، مۇشۇ ئۇسۇل ئارـ
قىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ، خۇشاللىق تاپىـ
دۇ، كۆڭلىنى تىنچلاندۇرىدۇ. ھويلا ـ ئاران باغۇەنچىلىـ
كى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ پسىخىك روھىي ھالىتىنى
تەڭشەش خەلقىمىزدە بىر خىل ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى،
بۇنداق ئادەت ھەممە ئائىلىدە ئورتاق داۋاملاشقاقتا.

### ھويلا ـ ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ساغلاملىققا بولغان تەسىرى

ئۈزۈم، كاۋا، قاپاق، دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ
ئۆستۈرۈلگەن ئۆيلەرنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن ساپ، سالقىن،
ھۆزۈرلۇق بولىدۇ. ئائىلە ئەزالىرى سەھەر تۇرۇپ ھويلىـ
غا سۇ سېپىدۇ. تال باراڭ ئاستىغا كارىۋات قويۇپ ئاخـ
شاملىرى شۇ يەردە ئارام ئالىدۇ. ھاۋا دىمىق بولغان ياز
كېچىلىرى تال باراڭ ئاستىدىكى كارىۋاتتا ئۇخلايدۇ. يەنە
ئۆينىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ دەرەخ ئۆستۈرگەن بولـ
غاچقا بۇنداق ئۆيلەر ياز كۈنلىرى ناھايىتى سالقىن بولـ
دۇ. بۇنداق يېقىملىق، تەبىئىي ساپ ھاۋا ئادەمنى راھەتـ
لەندۈرۈپلا قالماستىن بەلكى سالامەتلىككىمۇ ناھايىتى پايـ
دىلىق. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تەتقىقاتچىلار ئۆپكە،
يۈرەك، يۇقىرى قان بېسىم دېگەندەك بىر قىسىم كېسەلـ
لەرگە دورا ئىشلەتمەيمۇ ساپ، سالقىن، تەبىئىي بولغان ھاـ
ۋادا دەم ئالدۇرۇپ تۇرۇپ ياخشىلىغلى بولىدىغانلىقىنى
ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويىدى، بەزىلەر
ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزدى. مۇشۇلارغا قارىغاندا بەزى
ئادەملەرنىڭ ياشانغان ۋاقتىدىمۇ ساغلام، روھىي ھالىتىـ
نىڭ ئۈستۈن تۇرۇشىنى، بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن
ئۆمۈر كۆرۈشىنىمۇ ھويلا ـ ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ساغـ
لاملىققا بولغان تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.
ھازىر ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ ساغلاملىقىغا تەبىئىي ھالدا
ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. نۇرغۇن ئائىلىلەر
ھويلا ـ ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ساغلاملىققا بولغان پايدىـ
سىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئاڭلىق ھالدا ھويلا ـ ئاران باغۇەنـ
چىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاڭنى
شەكىللەندۈردى، بۇنى ياخشى ئەھۋال دېيىشكە بولىدۇ.

### ھويلىدا كۆچەت يېتىشتۈرۈش

ھويلا كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئەڭ مۇۋاپىق ئورۇن.
چۈنكى كۆچەتنى زىچ ئۆستۈرۈشكە بولىدىغان بولغاچقا
ئاز يەردىمۇ كۆپ كۆچەت ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى
بولىدۇ. ھويلىدا كۆچەت يېتىشتۈرگەندە سۇغىرىش، ئوـ
غۇتلاش، پەرۋىش قىلىش ئاسان، يۇمران كۆچەتلەر بوـ
راننىڭ تەھدىتىگە، زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى
بولىدۇ. چارۋا ماللارنىڭ نابۇت قىلىۋېتىشتىن ساقلانغىلى
بولىدۇ. چۈنكى ھازىر ھويلا ـ ئاراننىڭ ئەتراپى توسۇقـ
لۇق بولغاچقا كۆچەتلەرنى ئاسراشتا ئەنسىرەش ھاجەتـ
سىز. كۆچەتلەرنى ھويلا ـ ئارانلاردا پارنىك ياساپ ئۆسـ
تۈرسە تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بولۇپـ
مۇ ھويلا ـ ئاراندا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان ئۈزۈم
تېلىنى ئالدى بىلەن پارنىكتا ئۆستۈرۈۋېلىپ، ئاندىن ھويـ
لىغا تىكسەك ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. ھازىر
خېلى كۆپ ئائىلىلەر بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئاز يەرـ
دىمۇ خېلى ئوبدان نەپكە ئېرىشتى. ئەگەر ھويلا ـ ئاران
باغۇەنچىلىكىدە ھويلىدا ئاۋۋال كۆچەت يېتىشتۈرۈپ،
ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يۆتكەپ تىككەندىمۇ، بىر قىسمىنى
ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ ياخشى پەرۋىش قىلىپ، باغ بەرپا
قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانسا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى
بولىدۇ، دەرەخ ئاستىدىن پايدىلىنىپ كۆچەت يېتىشتۈـ
رۈش تېخنىكىسىنى قوللانسىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلـ
غىلى بولىدۇ.

### ھويلا ـ ئاران باغۋانچىلىكىنىڭ ئائىلە ساياھەتچىلىكىگە بولغان ئاكتىپ تەسىرى

ساياھەتچىلىك سودا، تىجارەت، ئىقتىساد، تۇغقان
يوقلاش، يۇرت كېزىش قاتارلىق كۆپ خىل ئامىللار
بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. ئۇ يالغۇز ئائىلە ئەزالىرى،
جەمەت ئەزالىرى، دوست ـ بۇرادەرلەر، يېقىن ـ يورۇقلار
ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللاردا داۋام
قىلغان. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە ساياھەتچىلىك
مەخسۇس كەسىپ بولۇپ شەكىللەندى. تۈرلىرى كۆپەيدى،

بۇرۇن چوڭ شەھەرلەرنى كۆرۈش، ئايلىنىش، ئېسىل دەڭ - سارايلاردا يېتىش ئاساس قىلىنغان بولسا ھازىر مەنزىرىلىك جايلارنى، ساياھەت قىلىش ئاساسىي ئېقىم بولۇپ قالدى. بۇنداق ساياھەت ئورۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سەھرالارغا مەركەزلەشكەن بولغاچقا، ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىك ساياھىتى ساياھەتچىلىكنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى بولۇپ قالدى. ھويلا - ئاران ساياھەتچىلىكى ھازىر تۇرپان، غۇلجا، قەشقەر، ئاتۇش، لوپنۇر، قۇمۇل... قاتارلىق جايلاردا بىر قەدەر ياخشى تەرەققىي قىلدى، نۇرغۇن ئائىلىلەر ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكى ئارقىلىق ئائىلە ئىقتىسادىنى يۇقىرى كۆتۈردى. نۇرغۇن ساياھەتچىلەر ساياھەتچىلىكنىڭ مەنىسىنى، ئەھمىيىتىنى، رولىنى، تۈرىنى ھەقىقىي مەنىسى بويىچە چۈشەندى. بۇ خىل ئەۋزەل شارائىت ئاستىدا بىر قىسىم ئائىلىلەر ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىك ساياھىتى بىلەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ھۈنەر - سەنئەت، سودا - سېتىق، ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن، كۆپ خىل ئامىللار ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ساياھەتچىلىك ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈردى. پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر بىر قىسىم ئائىلىلەر ئاز يەردىمۇ كۆپ خىل ئۇسۇلدا پايدىلىنىپ ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكنىڭ ئىستىقبالىنى يورۇتۇپ بەردى.

**ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھويلا - ئاران باغۋانچىلىكى تىپىك رايون خاسلىقىغا ئىگە. ئىلى رايونىدا ئالما، قۇمۇل، پەيزاۋات، نىيە قاتارلىق جايلاردا قوغۇن، تۇرپاندا ئۈزۈم، شاپتۇل، خوتەندە ياڭاق، ئانار، چەرچەندە چىلان نۇقتىلىق ئۆستۈرۈلىدۇ. ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىدىمۇ شۇ خىل مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ، ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىك مەدەنىيىتىمۇ مۇشۇ ئالاھىدىلىك بويىچە شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ھازىر باغۋەنچىلىك كۆلەملەشتۈرۈلۈشكە قاراپ يۈزلەنگەن شارائىتتىمۇ ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكى يەنىلا ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال، بۇ ھەتتا مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولالايدۇ. ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى شۇ رايون خەلقىنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، يېمەك - ئىچمەك، پىسخىك ئاڭ، ئېستېتىك زوق، گۈزەللىك، جۇغراپىيەلىك شارائىت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا مەلۇم ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقى ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

**ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى**

ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىياتى مۇقەررەر ھالدا ئائىلە ئىقتىسادىغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، مېۋىلەر تاۋارغا ئايلىنىدۇ. سورتى ياخشىلانغانسېرى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنىڭ ئىقتىساد بىلەن ئائىلىنىڭ باشقا ئىقتىسادىي كىرىمى مۇقەررەر ھالدا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاز مەبلەغ ئارقىلىق كۆپ ئىقتىسادىي كىرىمگە، ئاز ئەمگەك كۈچى ئارقىلىق يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇڭا ھويلا - ئاران باغۋەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا،



2018.2

دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە، هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئۆتكەل ھېسابلىنىدۇ، ئائىلە ئىگىلىكى هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكى بىلەن زىچ جىپسىلاشسا ياخشى تەرەققىيات يۈرۈشىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. قىسقىسى هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنى ئىككىلەنمەي تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

**هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ تەتقىقات قىممىتى**

هازىر شەھەرلىشىش، بىنالىشىش قەدىمى ئىنتايىن تېز بولۇۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىر قىسىم ئائىلىلەر هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىدىن تېز يىراقلاشتى، نۇرغۇن بالىلار بىنا ئۆي مۇھىتىدا چوڭ بولۇۋاتىدۇ. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، تېرىلغۇ يەرنىڭ ئازلاپ كېتىشى سەۋەبلىك هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمما بىر قىسىملىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ساقلاپ قالغاندا ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمىلىك ئالاھىدىلىكىدىن ياخشى پايدىلانغىلى بولىدۇ. هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكى خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، يېمەك - ئىچمەك، گۈزەل سەنئەت، ئېستېتىك ئاڭ، ساغلاملىق، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش قاتارلىق كۆپ خىل تەرەپتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بىنالىشىش بارغانسېرى تېزلىشىدۇ، بۇ تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى، بىراق باغۇەنچىلىك مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋىلىكنى، گۈزەللىكنى بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىلىشى كېرەك. هويلا - ئاران باغۇەنچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ ماددىي، مەنىۋى قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا هويلا - ئاران باغۇەنچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەيلى هازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن مۇھىم تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

**هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى**

هازىر خەلقىمىز هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۆرۈك، شاپتۇل، ياڭاق، چىلان، ئانار، ئالما... قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىۋاتىدۇ. دېھقانلىرىمىزنىڭ بۇ دەرەخلەرنى قانداق ئۆستۈرۈش، قانداق پەرۋىش قىلىش، سورتلىرىنى قانداق يېڭىلاش جەھەتتە مول تەجرىبىسى بار ھەم ئاشۇ مېۋىلىك دەرەخلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما دېھقانلىرىمىز بۇ مېۋىلىك باغلارنىڭ ئەنئەنىۋىلىكىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىللە دەرەخ سورتلىرىنىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىۋاتىدۇ، ئۇلارنى هازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە باشقۇرۇۋاتىدۇ. هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ھەر بىر ئائىلىدە ئىگىلىگەن ئورنى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ لېكىن سورت يېڭىلاش، باشقۇرۇش ئۇسۇلى زور دەرىجىدە يېڭىلاندى. بۇنىڭدىن دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىدىيەسىدە يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشقا بولغان قارىشىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتىشقا بولىدىكى هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالى تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. تەرەققىي قىلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشتا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يۇقىرىدا خەلقىمىزنىڭ هازىرقى هويلا - ئاران باغۋەنچىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇ خەلقىمىزنىڭ هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكى مۇشۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تەرەپلىرى يوق دېگەنلىك ئەمەس. خەلقىمىزنىڭ هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ تۈرلىرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ، باغلىنىش دائىرىسى ئالاھىدە، تەتقىقات قىممىتى يۇقىرى، ئىستېمال ۋە ئېستېتىك قىممىتى كۆرۈنەرلىك، مېھرى ئىللىق كەسپلەرنىڭ بىرى، مەبلەغ سېلىشقا ئەرزىيدۇ. هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنى هازىرقى ياش ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ هازىرقى هويلا - ئاران باغۇەنچىلىككە بولغان چۈشەنچىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بەكمۇ زۆرۈر دەپ قارايمىز.

هازىر رېستوران، ئاشخانا، مېھمانخانا... دېگەنلەر ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان چوڭ شەھەرلەردىن ئاستا - ئاستا چەت سەھرالارغا، ئۆستەڭ بويى، بۇلاق بېشى، كۆل بويى، سۇ ئامبارلىرى بويلىرىغا، تاغ باغرىغا، يايلاقلارغا، مەنزىرىلىك جايلارغا، هاۋاسى ساپ، بۇلغانمىغان، تىنچ جايلارغا، باغ - ئورمانلارغا، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كۆچۈۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا بىز هويلا - ئاران باغۇەنچىلىكىنىڭ ئىستىقبالىغا تېخىمۇ ئۈمىد بىلەن قارىشىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

(چىرا ناھىيەلىك 1 - ئوتتورا مەكتەپتىن)

مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى



# باللار ئويۇنلىرى ھەققىدە

زۇلپىيە تۇرسۇن

باللار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، باللاردا چېۋەر - چاققانلىق، چەبدەسلىك، باتۇرلۇق، ئۆم - ئىناقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئەقىل - پاراسەت، زېھنىنى ئېچىش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئويلاش، تەپەككۇر قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادچانلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**1. ئالمۇش توپ ئويۇنى:** بۇ ئويۇندا ئوينىلىدىغان توپنى قىزلار ئۆزى بېجەيدۇ، بېجىيەلمىسە تەييار يەل توپنى بېجىگەن توپنىڭ ئورنىغا ئىشلىتىدۇ. بۇ ئويۇن تۈز ئورۇندا ئوينىلىدۇ، ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە جىق ئۇچراپ كەتمەيدۇ. جەريانى مۇنداق: ئوينىغۇچىلار توپنى كىم باشلاش مەسىلىسىدە بو چىقىرىشىدۇ ياكى توپنى ئۇرۇپ بەسلىشىدۇ، كىمنىڭ ئۇرغان سانى كۆپ بولسا شۇ باشلايدۇ. توپ ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئوينىلىدۇ. مەيلى قايسى شەكىلدە ئوينالمىسۇن توپ ئالقان بىلەن ئۇرۇلۇپ، قولنىڭ دۈمبىسىگە چۈشۈرۈلۈپ، قول تارتىۋېلىنىپ يەنە ئالقان بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدۇ. بىردىن 50 كىچە ساناپ ئاندىن قوشاق ئېيتقاچ ئۇرغان سانىنى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. توپ ئۇرۇش جەريانىدا پىرقىراپ تۇرۇپ ئۇرۇش، پۇتىدىن ئۆتكۈزۈپ ئۇرۇش، ئوڭ ئۇرۇش، تەتۈر ئۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر چىقىرىلىدۇ. بۇ جەرياندا توپ قولدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر چۈشۈپ كەتسە ياكى توپ قاڭقىماي قالسا، ئوينىغۇچىنىڭ شۇ قېتىمقى نۆۋىتى تۈگەپ قايتا نۆۋەت كۈتىدۇ، ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ بەلگىلەنگەن سانىنى كىم بۇرۇن توشقازسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.

توپ قوشقى:
چىگىچى بۇغدايلىچى،
ھەمكى دۇغدايلىچى،
چىگىچىلاپ زۇۋانى قويدۇم.
زۇۋۇنىڭ قايسى قىزى،
ئەڭ كىچىك ۋاپا قىزى،
ۋوپىنى نەدىن سورايمىز
بىگىجانىنىڭ بېغىدىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېگىجان كىمگە تېگە؟
سۈت قاۋان تازغا تېگە.
سۈت قاۋاننىڭ نېمىلىرى بار؟
ئۇششاق-ئۇششاق باللىرى بار؟
مۇشتلايلى يۇ قۇشلايلى،
تاز باشنى مۇشتلايلى.
تاز باشى قاناپ كەتسە،
ئالتە پۇڭلۇق رەڭ ئېلىپ،
تاز باشنى بويايلى.
ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا
دەريا سۈيى قۇيۇلدى
پاتمىچۇقلا بويالدى،
بىرىنىڭ ئېتى كۇكۇلا،
بىرىنىڭ ئېتى سۇمۇلا،
ئاپپاق ساقال بوۋىلار،
بوۋىلار گەپدان كېلۇر.
بوۋىنىڭ بىر تال تۈكى،
ئېشەككە ئارغامچا بولار.
يەڭگەم، يەڭگەم!
شا يەڭگەم.
ئىشتان پىچاي دېلىمۇ؟
ئىشتانلىرىنى قولتۇقلاپ،
دۇكانغا ماڭاي دېلىمۇ؟

2. ئاق تېرەك-كۆك تېرەك: بۇ بالىلارنىڭ كۈچ سىنىشىش ئويۇنى بولۇپ «ئاق تېرەك-كۆك تېرەك» دېگەن قوشاق بىلەن باشلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ نامدا ئاتالغان. بۇ ئويۇن ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. سەككىز-ئون بالا بىر يەرگە توپلىشىپ كوللېكتىپ ھالدا:

ئاق تېرەك-كۆك تېرەك،
خانىم سىزگە كىم كېرەك،
ئۆزى ئەقىللىق بولسا،
قىلغان ئىشى جىق بولسا،
ئاشۇ قىز (ئوغۇل) كېرەك.

دېگەن قوشاقنى ئېيتىدۇ. قارشى تەرەپ يەنە بىر تەرەپتىكى بىر بالىنىڭ ئىسمىنى توۋلايدۇ، ئاندىن شۇ بالا چىقىپ ئۆزى ئاجىز ھالقا دەپ قارىغان ئارىلىققا ئېتىلىپ بېرىپ ئۈزىنى ئۈرىدۇ. ئەگەر شۇ ئارىلىقتىكى ئىككى قول ئاجراپ كەتسە، ئۇ «تېرەكنى كەسكەن» بولۇپ، قوللىرى ئاجراپ كەتكەنلەردىن بىرى مەيداندىن چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەپتىن بىر ئادەم كېمىيىدۇ، ئۇ «تېرەك كېسىش»نى داۋاملاشتۇرىدۇ، ئەگەر بالىلارنىڭ قولىنى ئاجرىتالمىسا، ئۆزى ئاجراتماقچى بولغان سەپكە قوشۇلىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە ئاخىرقى ئىككى ئادەم قالغۇچە داۋاملىشىدۇ.

3. ژىكچى (ئەدەبىي تىلدىكىسى چۈجىلىرىم): بۇ ئويۇن سار قۇش بىلەن چۈجىگە سىمۋول قىلىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، بالىلاردا قەيسەرلىك، ئۆملۈك، ھەمكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. بۇ ئويۇننىڭ ئوينىلىش جەريانى مۇنداق: سەككىز-ئون بالا بويىنىڭ ئېگىزلىكى بويىچە ئالدىغا قاراپ قاتار تىزىلىدۇ، ئۇلارغا ئۇدۇل ئۈچ تۆت مېتىر نېرىدا يەنە بىر بالا سەپنىڭ بېشىدىكى بالىغا قاراپ مەغرۇرانە قىياپەتتە مۇنداق سورايدۇ:

ئۇششاق-ئۇششاق باللارىڭ،
ئارقاڭدىكى نېمەرىڭ؟
قۇشلارىم.
ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ!

ئۇ بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن سەپنىڭ قۇيرۇقىغا قاراپ ئېتىلىدۇ، سەپنىڭ بېشىدىكى بالا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ يولنى توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن «ھۇجۇم» — «مۇداپىئە» جېڭى باشلىنىدۇ. سەپ بېشىدىكى بالا قايسى يانغا قاراپ ئېتىلسا، «چۈجە»لىرى دەمبەس قەدەم ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق جىددىي ئايلىنىشتا سۆرۈلۈپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار بولسا «ھۇجۇمچى» شۇنى تۇتۇۋالىدۇ-دە، بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپ داۋاملىق «ھۇجۇم» قىلىدۇ، ئەگەر سەپتىن ئاجراپ قالىدىغانلار چىقمىسا، ئىككى تەرەپ بولدى قىلايلى دەپ كېلىشمىگىچە ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

4. تاققۇر-تۇققۇر ئويۇنى: بۇ ئويۇن بالىلاردا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش، چاققانلىقنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. تۆت ياشتىن سەككىز ياشقىچە بولغان بالىلار ئارىسىدا ئوينىلىدۇ. ئائىلىدە ئاتا-ئانا بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئوينىلىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئون ئادەم قاتناشسا بولىدۇ. ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئون ئادەم پۇتىنى قاتار قىلىپ سۇنۇپ، يۇملاق بولۇپ ئولتۇرۇشىدۇ، ئويۇننى باشلىغۇچى يېنىدا ئولتۇرغان بالىنىڭ پۇتىدىن باشلاپ بىر ئايلاندۇرۇپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا كەلگۈچە قوشاقنى ئوقۇغاچ سانايدۇ، قوشاقنىڭ ئاخىرى كىمنىڭ

MIRAS

پۇتىدا توختىسا شۇ پۇتىنى يىغىپ ئولتۇرىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

ئويۇن قوشىقى:

تاققۇر-تۇققۇر هۇنجىر ماجان،
هالقاڭ نەدە تاغىنىڭ گۆرىدە،
قاچان كېلىسە ياز كېلىسەن،
ئۆردەك بىلەن غاز كېلىسەن،
بەلدەچۇك بەلدەچۇك،
كۆزۈڭنى يۇمۇپ چەتكە چىق.

5. قارىغۇ سىيتاڭ ئويۇنى: ئويۇن جەريانى مۇنداق: باللار (سان چەكلىمىسگە ئۇچرىمايدۇ) هالقا بولۇپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئاتامان بالا مەلۇم بىر بالىنىڭ يان تەرىپىگە كېلىپ چالما، تاش ياكى قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويىدۇ، ئاندىن ئۇ بالا بىلەن باشقا خالىغان بىر بالىدىن يانچۇقتىكى نەرسىنىڭ سانىنىڭ تاق ياكى جۈپ ئىكەنلىكىنى سورايدۇ، قايسىسىنىڭ هۆكۈمى خاتا بولسا، شۇ قارىغۇ سىيتاڭ (قارىغۇ چاشقان) بولىدۇ-دە، ياغلىقتا كۆزى تېڭىلىدۇ. هەمراهى ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ «بىرنى قويدۇم غوجىكام، ئىككىنى قويدۇم غوجىكام» دەپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە چېكىپ يانىغا داجىيدۇ، «قارىغۇ سىيتاڭ» قولىنى كېرىپ، هاۋانى سىلاپ ئۇنى تۇتماقچى بولۇپ، ئالدى-كەينىگە مېڭىپ تىمىسقىلاپ كېتىدۇ، بۇ جەرياندا نەچچە قېتىم هاۋانى قۇچاقلاپ سەنتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. هەتتا باللارنىڭ بېشىنىمۇ تۇتۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەيداندا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلىدۇ. ئەگەر «قارىغۇ سىيتاڭ» چېۋەر بولسا قارشى تەرەپنىڭ شەپىسىگە ئاساسەن تېزلا تۇتۇۋالىدۇ، قارشى تەرەپ تۇتۇلۇپ قالسا، ئىككىسى ئورۇن ئالمىشىدۇ، ئويۇن شۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

6. چاڭگا تىزىش ئويۇنى: بۇ ئويۇن باللارنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روهىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. جەريانى مۇنداق: ئىككى بالا ئېرىقتىكى ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاستىدىن لايىنى چاڭگىلىغا سۇزۇپ ئېلىپ، ئالقىنىنى يۇمۇپ تۇرۇپ، باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى جۈپلەپ ئالقىنىدىكى لايىنى بىر پۈرچاقچىلىق چوڭلۇقتا چۈشۈرۈپ مۇنار شەكلىدە تىزىدۇ، ياسىغان مۇنارى ناهايىتى كۆركەم، ئىنتايىن چىرايلىق، شەكلى ئۆزگىچە بولۇش ئۆلچەم قىلىنىدۇ، بۇ ئويۇن ئۆزئارا دوستانە خاراكتېردە ئوينىلىدۇ.

7. دۇم-دۇم ئويۇنى: بۇ ئويۇن باللار ئويۇنى بويىچە بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇنلاردىن بولۇپ، ئادەتتە كەچقۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەندە ئوينىلىدۇ. ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. ئويۇن جەريانى مۇنداق: ئۆيلىرىدىن ئوينىغىلى چىققان باللار بىر يەرگە يىغىلىپ ئىچىدىن چوڭراق بىرىنى «ئاتامان» قىلىشىدۇ. «ئاتامان» ئالدى بىلەن باللارنى تىزىلدۇرىدۇ، ئۆزى ئىشىك ئالدىدىكى سۇپىچاق ياكى شۇنداق ئەپچىل بىر يەردە ئولتۇرۇپ باشتا تۇرغان بىر بالىنى ئالدىغا چاقىرىدۇ. بۇ بالا بىرىنچى بولۇپ «دۇم-دۇم» بولۇپ بېرىدۇ. ئويۇن شۇنىڭ بىلەن رەسمىي باشلىنىدۇ: ئاتامان «دۇم-دۇم» بولغۇچى بالىنىڭ بېشىنى تىزىغا قويدۇرۇپ، ئىككى پىشى بىلەن پۈركەپ، دۈمبىسىگە بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ سوئال سورايدۇ، ئۇ جاۋاب بېرىدۇ، ئاتامان ئۇنىڭدىن سوئال سورىغۇچە باللار كېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە «دۇم» قىلىپ بىردىن ئۇرۇپ قويۇپ ئەتراپقا تارقايدۇ، شۇڭا بۇ ئويۇن «دۇم-دۇم» دەپ ئاتالغان. سوئال-جاۋاب مۇنداق بولىدۇ:

دۇم-دۇم دۇم-دۇم،
لەۋەي لەۋەي،
ئاتا-ئاناڭ نەدە،
تاغىنىڭ گۆرىدە،
نېمىش قىلىۋاتىدۇ؟
ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
ئاش قېنى؟
قاغا ئەپ قاچتى،
ماڭ پات-پات تۇتۇپ كەل.

8. قاچا (قايچا) ئويۇنى: بۇ ئويۇننى ئىككى بالا ئوينايدۇ، باللارنىڭ تەپەككۇرىنى ئېچىش، رولى بار. جەريانى مۇنداق: ئويۇننى باشلىغۇچى يېپىنى قولىغا ئېلىپ تۇرىدۇ، ئىككىنچى بىرەيلەن چىقارماقچى بولغان شەكلىنى ئاۋۋال كاللىسىدا ئويلىۋېلىپ ئاندىن ئالىدۇ، شۇ تەرىقىدە ئۈچ بۇلۇڭ، پاراللېل تۆت تەرەپلىك، سىم كارىۋات شەكلى، قايچا شەكلى قاتارلىق نۇرغۇن شەكىللەر چىقىرىلىدۇ، ئويۇن بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپ چىقارغان شەكىلنى ئۆزگەرتىپ ئالالمىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ، ئالالمىغىنى يېڭىلگەن بولىدۇ.

(ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتى 2016-يىللىق ئاسپىرانتى)

مۇهەررىرى: ئەزىزەم تۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# جىگدىنىڭ ئىشلىتىلىش قىممىتى

قەيسەر مەمتىمىن، ئىدرىس باقى ئەھمەت

خەلقىمىز قۇملۇق، چۆللۈك، شورلۇق يەرلەرنى ياخشىلاپ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەسلى قۇملۇق ئۆسۈملۈكلىرى بولغان توغراق، يۇلغۇن، سوكسوك، يانتاق، قامغاق، چۇژگۇن قاتارىدا، ئاشۇ كۆپ خىل مۇھىتقا ئۇنۇۋېرسال ماسلىشالايدىغان جىگدە دەرىخىنى بەكرەك كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈپ كۆپەيتىپ، ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلى يەرلىك دەرەخ ھېسابلىنىدىغان قارا تېرەك، قاپاق تېرەك قاتارلىقلارنىمۇ قۇملۇق ۋە چۆللەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆسۈشكە يېتەكلەپ، قۇم كۆچۈشنى تىزگىنلەش ۋە قۇم تۇپراقنى ياخشىلاشتەك ئۈنۈمنى كۆرگەن. بولۇپمۇ ئۇلار قۇمساڭغۇ، زەيكەش، تاشلىق يەرنىڭ تۇپرىقىغا جىگدە دەرىخىنىڭ ئەڭ ماس كېلىدىغانلىقىنى، كۆپلەپ جىگدە سېلىپ، بوراننى توسۇش بەلبېغى ياسىمىغاندا، بوراننىڭ ئېتىز-ئېرىقلاردىكى مايسىلارنى ۋەيران قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك قۇرغاقلىشىش، تۇپراق قېتىپ كېتىش ۋە قۇملىشىشنى جىگدىسىز ئالدىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىدەك ئېكولوگىيەلىك رولىنىمۇ يەكۈنلىگەن. شۇڭا شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن قۇملۇق ۋە قۇمساڭغۇ تۇپراقلىق بوستانلىقلىرىدا جىگدە ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىش ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان. قىسقىسى، جىگدە دەرىخىنى خەلقىمىز باغ، ھويلا-ئاران ئەتراپىغا چىتلاق ئورنىدا تىكىپ ئۆستۈرۈپ، قۇم-بوراننىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتلەردە پايدىلىنىپ كەلگەن.

جىگدە ياغىچى ئۆرۈك قاتارلىقلاردىن قالسىلا قاتتىق، زىچ بولۇپ، ئاسانلىقچە قۇرت يېمەيدىغان (چۈشمەيدىغان)، چىرىمەيدىغان بولغاچقا، ياغاچ-سېغىز قۇرۇلمىلىق ئەنئەنىۋى ئۆيلەرنىڭ، ئېغىل-قوتانلارنىڭ سوقۇمىسى ئۈلتاڭ-پاتاڭ ياغىچى تۈۋرۈكى، لىم بالداق (تامنى تۇتۇپ تۇرغۇچى توغرا ياغاچ) ماتېرىيالى قىلىنىپ كەلگەن. ئۆي جاھازلىرى، تېرىلغۇ سايمانلىرى ياسالغاندىن

ئېشىپ قالغان جىگدە ياغىچى يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. چوغى ئۆرۈك، شاپتۇل چوغىغا ئوخشاش خېلى ئۇزاققىچە تەپتىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ.

خەلقىمىز جىگدە ياغىچىدىن يەنە كۇسا (چوڭ ئورۇندۇق)، كاتە (ياغاچ كارىۋات)، كاڭ (تاختايلىق سۇپا كارىۋات) دېگەندەك ئۆي جاھازىلىرى، بوقۇسا (يەردىن ئەرەك- ئېرىقسىمان ئورەك ئاچىدىغان ئۇسكۇنە)، بويۇنتۇرۇق سۆرەم (يەرنى تەكشىلەش ياكى ئاختارغان يەردىكى ئېرىقچىلارنى يوقاتقۇچى ئەسۋاب)، توخماق، تۇخۇناق (ئۇچ بۇرجەكلىك ئارغامچا چىگىش سايمىنى)، ياغاچ ئارا، ئىلغا (جەيراز، قەنە، ئىلغۇچ)، ئوقۇر، نو (چوڭ قوغاچ- تۇرۇبا)، جەگە (لىم ياكى چوڭ ياغاچ قەپەس)، تاۋان (تورۇسقا ئېسىلىدىغان ھەم ئۈستىگە نەرسىلەر قويۇلىدىغان تاختاي) قاتارلىق تېرىلغۇ سايمانلىرى ۋە باشقا تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياسىغان، ئۇنىڭدىن بوياقچىلار گۈل سىزىش قېپى ياسايدۇ.

قاپاق جىگدىنىڭ دەرەخ تېنى، مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقى نان جىگدىدىن كىچىك، قاغا جىگدىدىن سەل چوڭ بولۇپ، شاخلىرى شالاڭراق، قارا ئۆرۈكتەك چوڭلۇقتىكى مېۋىسى قىزىرىپ ياكى ئاقىرىپ ھەم ئالاھىدە تەملىك- يېيىشلىك بولۇپ پىشىدىغان بولغاچقا، مېۋىسى ئەڭ كۆپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. يەنى، شېخىدا پىشقان نان جىگدە مېۋىسىنىڭ تەمى تاتلىق، ئىچى يۇمشاق، ئەتلىك بولۇپ، شۇ پېتى يېيىشكىمۇ، قوقاسقا كۆمۈپ يېيىشكىمۇ، كۈن نۇرىدا قۇرۇتۇپ قۇرۇق ھالەتتە يېيىشكە بولغاچقا، خەلقىمىز قۇرۇتۇلغان جىگدىنى ھېيتلىق داستىخانلىرى، توي- تۆكۈن، ھەر خىل مېھماندارچىلىق داستىخانلىرىغا قەنت- گېزەك ئورنىدا ئەتىۋارلاپ تىزىدۇ. شۇنداقلا جىگدە مېۋىسىدىن تائام تەييارلاش، ئىچ سۈرۈشنى داۋالاش، بىۋاستە ئىستېمال قىلىش، شەربەت ياساپ ئىچىش، يەم- خەشەك تەييارلاش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى، بۇۋا- مومىلىرىمىز جىگدە سالغان ئۇماچنى قىش پەسىللىرىدە كۆپرەك ئېتىپ يەيدۇ. بەزىدە ئىككىقات خالتىغا ئېلىپ، قايناق سۇغا چىلاپ ياكى بىۋاستە قاينىتىپ تىرىپىنى ئايرىپ سۈيى چىقىرىپ تەييارلانغان جىگدە شىرنىسىنى نانىنىڭ خېمىرىغا قوشۇپ يۇغۇرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا شاپتۇل قېقى، ئۆرۈك گۈلىسى، سەۋزە سۈيى ناۋات سۈيى ياكى دۇمبە ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، نان يېقىپ ۋە ياكى يېڭى قومۇرغان ئىسسىق نانىنىڭ يۈزىگە سۈركەپ رەڭگى كۆركەم، پارقىراق بولغان «شىرمان نان»نى ئىجاد قىلىپ، نان مەدەنىيىتىمىزگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

شۇ سەۋەبتىن، خەلقىمىز جىگدىنىڭ مېۋىسىنى توغراق نوتىسىدىن توقۇلغان سېۋەت، پۇلۇق (كىچىك كۆتۈرمە سېۋەت)، بادالڭ- چۆرۈك (ئادەم پاتقۇدەك يوغان سېۋەت)، ياغاچ ساندۇق، بوزخالتا (پاختىلىق خالتا، خۇرجۇن) پاختا يىپتىن توقۇلغان ئىككى پايغا ئايرىلغان كىچىك تاغار، بوز- تاغار (پاختا يىپلىق تاغار) قاتارلىقلارغا قاچىلاپ، مېتە، قوڭغۇز، چاشقان قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش ئۈچۈن تاشتۇز (كۆكتۇز، يەرلىك تۇز، جاڭگال تۇزى)، كاۋاۋىچىن دېگەنلەرنى قوشۇپ ئىككى- ئۈچ يىلغىچە ساقلاپ ئىستېمال قىلىپ كەلگەن.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، جىگدە يېلىمى (قېرىغان ياكى زېدىلەنگەن جىگدىلەردىن كۆپرەك چىقىدۇ)نىڭ تەركىبىدە قەنت، ئوزۇقلۇق ماددىلار بىر قەدەر كۆپ بولغاندىن باشقا، جىگدە يېلىمىنىڭ يېپىشىشچانلىق، ئېلاستىكلىق، چۈرۈكلۈكى، سىڭىشچانلىقى چاچقا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق بولغاچقا، جىگدە يېلىمىنى ئائىلىلەردە يۇمشاق سوقۇپ، ئىلمان سۇ قۇيۇپ ئاربىلاشتۇرۇپ، نەم چاچقا سۈركەپ، ياز پەسلىدە بىر- ئىككى كۈن، قىش پەسلىدە ئۈچ- تۆت كۈن تۇرغۇزۇپ يۇيۇۋەتسە چاچ يىلتىزىنى قۇۋۋەتلەپ، چاچنىڭ ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ. چاچنى تال- تال قىلىدۇ ھەمدە يەنە چاچ شالاڭلىشىش، بالدۇر ئاق كىرىش، چاچ كېپەكلىشىش قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، شۇنداقلا چاچنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن، جىگدە دەرىخى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرى ئورگانلىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنچىكە ھەمراھ — ئەسراداش بولۇپ، روھنى ئۇرغۇتۇش، تۇرمۇشنى بېيىتىش، مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېرىلغۇ يەر ۋە باغ- بارانلارنى، ھويلا- ئارانلارنى قاشالاش، قۇم- بوراندىن قوغداش، سۇ- تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئېكىنزارلىقنى قوغداش، چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا زور رول ئويناپ كەلگەن.

(ئاپتور: خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى بىئولوگىيە جۇغراپىيە ئىنستىتۇتىدىن)

مۇھەررىر: ئەزىزەم تۇيغۇن

2018.2

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئاممىۋى تەنتەربىيە ئادەتلىرى



تۇرسۇن ساۋۇت ئۇدمىش، گۈلجەمىلە ئەزىزى

**1. خەلق ئويۇنلىرى**

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ مەزمۇنى مول، شەكلى ھەر خىل، لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنى چوڭلار ئويۇنى، بالىلار ئويۇنى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنلىرىنىڭ قايسىبىر خىلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ئېچىش بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، كىشىلەرنى غەيرەتلىك، شىجائەتلىك، چىدامىلىق بولۇش، پەم - پاراسەتنى ئاشۇرۇش، ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، بەدەن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ساغلاملىقنى قولغا كەلتۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلغان.

لوپنۇرلۇقلارمۇ مۇشۇنىڭغا ماس ھالدا بىپايان زېمىندا، نۇرغۇنلىغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ئويۇنلارنى ئويناپ ۋە ئۇنى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

1) لوپنۇرلۇقلارنىڭ چوڭلار ئويۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جور تارتىش ئويۇنى — بۇ ئويۇن ئاساسلىق مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، بىر جۈپ ئەر - ئايال جور تارتىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ ياكى باشقا مەھەللە، باشقا يۇرتتىن كەلگەنلەرنى ئۇسسۇلغا تارتىدۇ، تا ئىككى تەرەپ يېڭىپ يېڭىلگىچە، ھېرىپ قالغۇچە ئوينايدۇ. بۇ ئويۇن ئارقىلىق ياش قىز يىگىتلەر يوشۇرۇن كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ.

2) چىلىم ئويۇنى (بېيىت ئېيتىش ئويۇنى) بېيىت ئېيتىش ئويۇنى مەشرەپ ئارىلىقىدا كۆپ ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە ئەر - ئايال، قىز يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىدۇ. ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق: يۇرت ئىچىدىكى داڭلىق بېيىتچىدىن بىرسى ئۆزى خالاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئاندىن بېيىت ئېيتىپ يەنە بىر بېيىتچىنى ئوتتۇرىغا تەكلىپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قولىدا قاداقلا نەرسە بولسا شۇنى چىلىم قىلىپ تۇتىدۇ. ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ بولغاندىن كېيىن بېيىت ئېيتىشنى باشلايدۇ.

3) بۇ بېيىت ئېيتقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتى ۋە مېھىر - مۇھەببىتىنى مۇۋاپىق گۈزەل بېيىتلەر ئارقىلىق ئىزھار قىلىش، ئېيتىلغان بېيىتلەرگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇرۇش ئەلۋەتتە ئاسانغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس، بۇ مەشرەپ قاتناشقۇچىلىرىدىن يۈزلەپ بېيىت قوشاقنى يادلاشنى ياكى ئىجاد قىلىشنى، بىلگەنلىرىنى

مۇۋاپىق پىششقلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىيىت ئېيتىش ئويۇنى ئارقىلىق مەشرەپلەردە يېڭى - يېڭى بىيىت قوشاقلار مەيدانغا كېلىدۇ، پىشىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقىلىدۇ.

ئۇلغاق (ئوغلاق) تارتىشىش ئويۇنى — بۇ، ئادەم ۋە ئاتنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى سىنايدىغان، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك ئەنئەنىۋى ئات ئۈستى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

لوپنۇر رايونىدا ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنى ئاساسلىقى قىز يىگىت تويىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، تويى بولغۇچى ئوغۇل تەرەپ ئاتاپ قويۇلغان بىر ئوغلاقنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئىچ-قارنىنى ئېلىپ، تۆت پاچىقىنى كېسىۋېتىپ كەڭتاشا مەيدانغا تاشلاپ بېرىدۇ ھەمدە «پالانى يەرگە ئاپارمىسا ھېساب ئەمەس» دەپ شەرت قويىدۇ. بۇ ئويۇندا ئاز بولغاندا 10 - 20 گىچە، كۆپ بولغاندا 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئادەم توپلىشىپ ئات ئۈستىدە تەييار تۇرىدۇ. ئېتى يۈگۈرۈك چەۋەندازلار ئالدىن كېلىپ ئوغلاقنى يەردىن ئېلىپ ئۆزەڭگە ئاستىغا ياكى تېقىمىغا بېسىپ ئېلىپ قاچىدۇ. باشقا چەۋەندازلار قوغلاپ ئوغلاقنى تالىشىدۇ. بىر مەيدان ئوغلاق تالىشىش جېڭى باشلىنىدۇ، پۈتۈن مەيدان جىددىيلىشىپ، كۆرگۈچىلەرمۇ تەڭ ھاياجانغا چۈشىدۇ. ئېلىپ قاچقان ئوغلاققا باشقىلار قوغلاپ يېتىۋالسا، نەچچە ئونلىغان چەۋەندازلار غۇجمەك بولۇۋېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن قىستىلىپ كېلىدۇ. ئوغلاقچىلارنىڭ بىر قىسمى ئېلىپ قېچىش يولىنى توسىدۇ. كۈچلۈك ئات مىنگەن قاۋۇل چەۋەندازلار ئوغلاقنى تارتىپ چىقىشقا مەسئۇل بولىدۇ. مۇشۇنداق قايتا - قايتا تالىشىش، تارتىشىشتىن كېيىن ئوغلاقنى بىر قوشنا مەھەللىگە ئېلىپ قېچىپ نىشانلىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە تاشلايدۇ. نىشانلىق كىشى كۆپىنچە يۇرت ئىچىدىكى ئابرۇيلۇق، قول ئىلكىدە بار كىشى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ نىشانلىق كىشى تويى بولغۇچىلارنىڭ، ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ، ھەمدە تويىدىن كېيىن داستىخان سېلىپ چاي ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئات چاپتۇرۇش ئويۇنى — ئات چاپتۇرۇش خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرى بولۇپ، لوپنۇرلۇقلارمۇ ئۆزاقتىن بۇيان چاقچان، يۈگۈرۈك ئاتلىرىنى بەيگىگە سېلىپ، كۆڭۈل ئاچقان. بۇ ئويۇندا ئاز بولغاندا ئون ئاتنى، كۆپ بولغاندا بىرەر 100 سەرخىل ئاتلارنى بىر پەللىدىن قويۇپ بېرىپ مۇسابىقىلەشتۈرىدۇ.

ئاتنى يورغىغا سېلىش ئويۇنى — بىر قانچە مەھەللىدىن بەك يورغىلايدىغان ئاتنى تاللاپ، 1000 — 10 مىڭ مېتىرغىچە يورغىلىتىپ كىمنىڭ ئېتىنىڭ بەك يورغىلايدىغاندلىقىنى مەيداندا سىنايدۇ. چوقۇم ئاتنى يورغىلىتىپ مېڭىش كېرەك، ئات چېپىپ يۈگۈرۈپ كەتسە بولمايدۇ، يۈگۈرۈپ كەتسە ئويۇن قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلغان ھېسابلىنىدۇ.


چېلىشىش — چېلىشىش لوپنۇرلۇقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ، كەڭ ئومۇملاشقان. لوپنۇرنىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرى، يۇرت - مەھەللىلىرى ئارا دائىم دېگۈدەك كوللېكتىپ چېلىشىش مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ. چېلىشىش ھەتتا ئەمگەك مەيدانلىرىدا، ئەمگەك ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشنىڭ بىر مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان. چېلىشىش بولسا ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ كۈچىنى سىناش، ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش، كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىلىك بېسىش (سۇندۇرۇش) — لوپنۇرلۇقلاردىكى ئىلىك بېسىش ئويۇنى ئاساسلىقى چايدا ئوينىلىدىغان بولۇپ داستىخانغا قوي گۆشى كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىر كىشى ئۆزى نىشانلىغان كىشىگە ئىلىكى بار گۆشنى تۇتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇ كىشىگە «ئىلىكنى سۇندۇرمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭ چېيى بار» دەپ قويىدۇ. شۇ مەيداندا سۇندۇرۇۋاتسا ئىلىك سۇنغۇچى كىشى يېڭىلگەنلىكىگە تەن بېرىپ ئاشۇ يەردىلا قايتا داستىخان سالدۇ ھەمدە ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى، ئۇتۇۋالغۇچىغا ۋە ئۇتۇۋالغۇچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا داستىخان سېلىپ چاي قۇيىدۇ ھەمدە ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم بىر قۇردىن كىيىم قويىدۇ. بۇ ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى تەرەپ ناھايىتى جىق چىقىم تارتىدۇ. ھازىرقى تەننەرخ بىلەن ھېسابلىغاندا 10 - 20 مىڭ يۈەن بىلەن تۈگىشىدۇ. لوپنۇر رايونىدا ئىلىك بېسىش ئويۇنىنى ئەرلەردىن باشقا يەنە ئاياللارمۇ ئوينىغان.

قاتار چاي — بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا لوپنۇر رايونىدا بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوغلاق تاشلاپ، ئوغلاق كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشسە شۇ چاي قىلغان، شۇنداقلا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





ئـــوغلاقنى قـــاتـارلاشتۇرۇپ تاشلاپ چاي ئۆتكۈزگەن.

ئارغامچا تارتىشش ئويۇنى — لوپنۇرلۇقلاردا ئـارغامچا تارتىشش ئويۇنى ئىككى خىل بولۇپ بىرى ئىككى ئادەم ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى پـاتتىڭغا ئۆتكۈزۈپ (بـويۇنتورۇققا ئوخشاش) تارتىشش. يەنە بىرى 10-20 ئـادەم بـىر گـۇرۇپپا بولۇپ ئوتتۇرىغا سىزىق سىزىپ شۇ سىزىقنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئـارغامچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن تارتىشش.

گاگىر ئويۇنى — بۇ ئويۇن پەم-پاراسەتنى ئاشۇرۇش بىلەن بەدەن چىنىقتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن ئويۇن بولۇپ، بـۇ خىل ئـويۇننى لوپنۇردا كىچىك باللار، ياشلارلا ئويناپلا قالماستىن، چوڭلارمۇ ناھايىتى قىزىقىپ ئوينايدۇ.

بۇ ئويۇن 70-80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياپىلاق پالاق (بۇ «پالاق» دەپ ئاتىلىدۇ) بىلەن، 15-20 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، باش بارماق توملۇقتىكى ياغاچ (بۇ «گاگىر» دەپ ئاتىلىدۇ، يۇلغۇن ياغىچىدىن ئىككى بېشى ئۇچلۇق ياسىلىدۇ)نى ئۆرۈپ ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، شۇنىڭدەك ئويۇننىڭ ئاخىرى ئۇتتۇرغۇچىلارنىڭ ۋاللەي توۋلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن «ۋاللـەي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇندا كەڭرەك مەيدان، گاگىر، پالاق، قاتنىشىدىغان ئادەم بولسىلا بولىدۇ. ئادەتتە ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ، ئىككى كىشى قارمۇ قارشى ئوينىسىمۇ ياكى بىر قانچە كىشى ئىككى سەپكە بۆلۈنۈپ ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، لوپنۇر رايونىدا چوڭلار پەقەت ئىككىلا ئادەم ئوينايدۇ.

ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ: ئالدى بىلەن گاگىر، پالاق، ئورەك ياكى ئىككى كېسەك تەييارلىنىدۇ. ئورەك تۈز كەتكەن ئوچۇق مەيداننىڭ بىر چېتىگە گاگىرنىڭ ئۇچى پاتقۇدەك، 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بىر ئۇزۇنچاق ئورەك كولىنىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئەگەر گاگىرنى پالاقنىڭ ئۇچىدا توختىتىپ ئۇرۇشنى شەرتلەشكەن بولسا، ئورەك كولانمىسىمۇ بولىدۇ.

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئىككى سەپكە بۆلۈنگەندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن بىردىن كىشى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئويۇن باشلاش ھوقۇقى تالىشىدۇ. ئاخىرىدا ئويۇن باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى رەت-رەتى بىلەن گاگىر ئۇرىدۇ. قارشى تەرەپ ئەزالىرى مەيدانغا تارقىلىپ ئۇرۇلغان گاگىرنى ھاۋادىن يەرگە چۈشكىچە ئارىلىقتا تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ، ئەگەر تۇتۇۋالسا گاگىر ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ توپ ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ. ئەگەر گاگىرنى ھاۋادىن يەرگە چۈشكىچە تۇتۇۋالالمىسا گاگىر چۈشكەن يەردە تۇرۇپ، گاگىرنى ئورەككە توغرا قويۇلغان پالاققا توغرا نىشانلاپ ئاتىدۇ. گاگىر پالاقنى سوقسا «ئۆتقان» بولۇپ، گاگىر ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ. ئەگەر پالاقنى سوقالمىسا، ئۇ ھالدا گاگىر ئۇرغۇچى تەرەپ گاگىرنىڭ چۈشكەن يېرىدىن پالاق بىلەن گاگىرنى چېكىپ ئۆرلىتىپ پالاق بىلەن يىراققا ئۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن گاگىر قەيەرگە بېرىپ چۈشسە، شۇ يەردىن بىر خىل ئۆلچەم بىلەن چامداپ ئورەك بار تەرەپكە قاراپ سانايدۇ. بىر تەرەپنىڭ ئېرىشكەن نومۇرى (چامدام

سانى) قاچانكى ئىككى قارمۇ قارشى تەرەپ ئالدىن كېلىشىپ بېكىتكەن نومۇرغا يەتسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەڭگەن تەرەپنىڭ ھەر بىر ئەزاسى گاگىر ئۇرۇش مەركىزىدىن باشلاپ ئۇدا ئۈچ قېتىمدىن گاگىر ئۇرىدۇ. بۇ چاغدا ئۇرۇلغان گاگىرنى توسۇۋېلىشقا ياكى تۇتۇۋېلىشقا بولمايدۇ. شۇنداق قىلىپ يېڭىلگەن تەرەپنىڭ ئەزالىرى بۇنىڭ بەدىلىگە گاگىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسىدىن گاگىر ئۇرۇلغان مەركەزگە قاراپ تىنماي «ۋاللەي، ۋاللەي...» دەپ ۋارقىرىپ يۈگۈرىدۇ. ئارىلىقتا تىنماي (دەم ئالماي) نىشانغا يېتىپ كېلەلىگەن بولسا مەجبۇرىيەتتىن خالاس بولىدۇ. ئەگەر «ۋاللەي» توۋلاپ نىشانغا يېتىپ كەلگۈچە تىنىۋالغانلىقى سېزىلسە، يەڭگەن تەرەپ گاگىرنى تىنىۋالغان يەردىن باشلاپ يەنە بىر قېتىم ئۇرىدۇ. يېڭىلگەن تەرەپ يەنە شۇ گاگىر چۈشكەن ئاخىرقى چەكتىن باشلاپ «ۋاللەي» توۋلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر مەركەزگە تىنماي، دەم ئالماي تۇرۇپ بارالىسا قائىدە بويىچە ۋاللەي توۋلاش شەرتى بېجىرىلدى دەپ قارىلىپ بىر قېتىملىق ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. «گاگىر» ئويۇنىنىڭ جەريانىدىن قارىغاندا، ئۇ كۆڭۈللۈك ھەم ھەمكارلىشىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئامىللار بىلەن ئۆزئارا بىرلىشىپ كەتكەن.

تۇخۇم سوقۇشتۇرۇش — بۇ ئويۇن ئاددىي بولسىمۇ، ناھايىتى كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئادەتتە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم ئوينىسىمۇ بولىدۇ. ئالدى بىلەن سۇدا پىشۇرۇلغان نۇرغۇن تۇخۇملار ئىچىدىن ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ ياكى چىشىغا چېكىپ ئاۋازىنى پەرقلەندۇرۇش ئارقىلىق نوچى، ئاسان چېقىلىپ كەتمەيدۇ دەپ قارالغان تۇخۇمدىن بىرى تاللىنىدۇ (تاللاش جەريانىدا چېقىلغان تۇخۇم، تۇخۇمى چېقىلمىغان كىشىگە تەۋە بولىدۇ ھەمدە تۇخۇم سوقۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇتتۇرۇپ قويغۇچىغا شەرت قويۇلىدۇ. ئاندىن ھەرقايسى تۇخۇم سوقۇشتۇرغۇچىلار نۇرغۇنلىغان تۇخۇم ئىچىدىن تاللىۋېلىنغان سەرخىل تۇخۇمنى ئۆزئارا سوقۇشقا سالىدۇ. كىمنىڭ تۇخۇمى چېقىلمىسا شۇ ئۇتقان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئويۇننىڭ بېشىدا كېلىشىۋالغىنىدەك ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى شەرتنى ئورۇندايدۇ. ئادەتتە ئۇتتۇرۇپ قويغۇچى ئورۇندايدىغان شەرت بەك ئېغىر بولمايدۇ. مەسىلەن: ئۇتتۇرۇۋالغۇچىغا تۇخۇم ئېلىپ بېرىدۇ ياكى ئۇتتۇرۇۋالغۇچىنى مېھمان قىلىدۇ.

قوچقار سوقاشتۇرۇش — بۇ لوپنۇر خەلقى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. «قوچقار سوقۇشتۇرۇشقا ئامراق ئادەملەر ئادەتتە دېگۈدەك كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك، مۈڭگۈزى چوڭ، سوقۇشقاق قوچقارلارنى تاللاپ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەيدۇ، قوچقار سوقۇشتۇرۇشتا، رىياسەتچى ئىككى قوچقارنى سورۇنغا ئېلىپ كىرىپ ھەم ئۇلارنى سوقۇشقا ئۈندەيدىغان ۋاستىلەرنى قوللىنىپ قىزىتىدۇ. دەيدەيگە سېلىنىپ، تېرىكتۇرۇلگەن قوچقارلار بىر قېتىم قاتتىق ئۇسسۇشكەندىن كېيىن، ئارقىغا بىر نەچچە قەدەم داجىپ، ئاندىن يەنە كېلىپ ئۇسىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ، بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قوچقار قورقۇپ ئارقىغا قاچىدۇ. بەدىنىنى ئۇيان - بۇيانغا تولغاپ، بېشىنى يانغا بۇرايدۇ ياكى ئارقىغا چېكىنىپ، ئالدىغا ماڭماي تۇرۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن يېڭىش - يېڭىلىش مەلۇم بولىدۇ.

قوچقار سۇقاشتۇرۇشتا مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھادىسە بار: بىرەر قوچقار يۇقىرىقىدەك قورقۇش، يېڭىلىش ھەرىكەتلىرىنى قىلسا، يېڭىپ چىققان قوچقار ئۇنى ھەرگىز قايتا قوغلىمايدۇ، قايتا سوقۇشمايدۇ. ئادەتتە ئۇدا ئۈچ قېتىم يېڭىپ چىققانلار مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. بەزىدە شاللاپ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تاللاپ چىقىلغان ئىككى قوچقار ھەل قىلغۇچ جەڭگە سېلىنىدۇ ۋە يېڭىپ چىققانلارغا مۇكاپات بېرىلىدۇ.»

«توپۇق» ئويۇنى — «توپۇق» قوي - ئۆچكە قاتارلىق كىچىك چارۋىلارنىڭ ئارقا سان ئۇستىخىنىنى تۇتاشتۇرغۇچى بوغۇم ئارىلىقىدىن چىقىدىغان كىچىككىنە «تۇمار» شەكىللىك ئۇستىخان بولۇپ، بۇ ئويۇن ئەنە شۇ ئۇستىخاننى ۋاستە قىلىپ، ئىككى كىشى ئارىسىدا ئوينىلىدىغان «ساداقەتلىكنى سىناش» خاراكتېرىدىكى بىر خىل ئويۇندۇر.

بۇ ئويۇن مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلمايدۇ ۋە ئالدىن پىلانلانمايدۇ. پەقەت گۆش يېيىشىۋاتقاندا داستىخان ئۈستىدە قولىغا ئالغان گۆشتە توپۇق بارلىقىنى بىلگەن بىرى، ئالغان گۆشنى يېمەستىن، ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





يېقىن بىر كىشىگە تۇتىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ مۇددىئاسى مەخپىيرەك بولىدۇ. قارشى تەرەپ گۆشنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، گۆشنى بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىغا «توپۇق كەتتى» دەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپ ئۇنىڭ ئۆزىگە توپۇق بەرگەنلىكىنى بىلىدۇ، بۇنىڭغا ئەتراپىدىكىلەر گۇۋاھ بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قوبۇل قىلغۇچى ھېلىقى گۆشنى يەپ، توپۇقنى چىقىرىپ پاكىز قىرىپ يېنىغا سېلىۋالىدۇ. ئارىدىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندە توپۇق بەرگۈچى قوبۇل قىلغۇچىنى «ئۇنتۇپ قالدى» ياكى «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن «توپۇقۇمنى بەرسەڭ» دەيدۇ. بۇ چاغدا، قوبۇل قىلغۇچى شۇ مەيداندا توپۇقنى چىقىرىپ بېرەلىسە، قوبۇل قىلغۇچى يەڭگەن، بەرگۈچى يېڭىلگەن بولىدۇ. نەق مەيداننىڭ ئۆزىدە چىقىرىپ بېرەلمىسە، قوبۇل قىلغۇچى يېڭىلگەن، بەرگۈچى يەڭگەن بولىدۇ. ئويۇن تۇسىنىڭ قىزىقارلىق، ئۇشتۇمتۇتلۇقنى كۆزلەپ، توپۇقنى نەقلەشتۈرۈش ۋاقتى، شارائىتى، ئورنى ئالاھىدە پىلانلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇخلاۋاتقاندا، بەزىلەر سۇغا چۆمۈلۈۋاتقاندا، ئىشقىلىپ، توپۇقۇم يېنىدا يوق، دەپ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئۇنى سورايدۇ. لېكىن قوبۇل قىلغۇچىمۇ قارشى تەرەپنىڭ ئاشۇ مۆلچەرىگە قارشى توپۇقنى ئىمكانقەدەر يېنىدىن ئايرىماي، ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇنى يوشۇرۇپ، قارشى تەرەپتە «توپۇقۇم يېنىدا يوق» دېگەن خاتا سېزىمنى پەيدا قىلىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ توپۇق سۈيلەنگەن ھامان يا قايتۇرۇلىدۇ، يا ئېھتىياتسىزلىق، پەرۋاسىزلىق تۈپەيلىدىن يېنىدىن ئايرىپ قويۇپ ۋاقتىدا بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئارىسىدا يېڭىش - يېڭىلىش ھالىتى شەكىللىنىدۇ. يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېڭىلگۈچى قارشى تەرەپكە مەخسۇس تەييارلىقلار بىلەن زىياپەتلىك مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ئويۇندىكى توپۇق قەدىمكى زاماندا بىر توپاق (كالا)قا تەڭ بولۇپ، يېڭىلگەن كىشى بىر توپاق سويۇپ زىياپەت بېرىدىغان ئادەت بار ئىدى. ئويۇن مۇھەببەتداشلار ياكى ئەر -خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا بولسا، يەڭگۈچىگە مەلۇم نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىش بىلەن شەرتى ئادا بولىدۇ. زىياپەت، مەشرەپ بېرىلمەيدۇ.

بۇ خىل ئويۇننىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزاق بولۇپ، ئاشۇ ئويۇن ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن، دوست - بۇرادەر، ئەر - خوتۇن، مۇھەببەتداشلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى، سېغىنىش، ياد ئېتىپ تۇرۇش ئىپادىسى سىنالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئويۇن ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئەستە ساقلاش، ھوشيارلىق تۇيغۇسىنى ئۆستۈرۈش ئەھمىيىتىگە ئىگە».

«قوشماق ئاداش» ئويۇنى — «قوشماق ئاداش» قوش مېغىزلىق ئۆرۈك مېغىزى بىلەن ئوينىلىدىغان بىر خىل ئويۇن بولۇپ، شەكىل ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن «توپۇق ئويۇنى»غا ئېرخشاپراق كېتىدۇ.

ئۇ، ئادەتتە ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئوينىلىپ، تەبىئىي «قوشكېزەك» چىققان ئىككى مېغىزنى ئىككى دوست بىردىن يەيدۇ. بۇنىڭ مەلۇم شەرتى بولۇپ (چوڭلار مەلۇم بىر ماددىي سوۋغات ۋەدىسى بىلەن، باللار مەلۇم ساندىكى چېقىلغان مېغىز بىلەن)، يېڭىلگۈچى يەڭگەن كىشىگە سوۋغات بېرىدۇ. يېگەن ۋاقىتتا مەلۇم بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ، شۇ ۋاقىت توشقان كۈنى قوشماق مېغىز يېيىشكەن ئىككى كىشى بىر - بىرىنى «قوشماق ئاداش» دەۋېلىشى كېرەك. ئاشۇ سۆزنى كىم بۇرۇن دەۋالسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ، يېڭىلگۈچى باشتا قىلىشقان ۋەدىسىنى ئورۇنداپ بېرىدۇ.

4) لوپنۇرلۇقلارنىڭ باللار ئويۇنى تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

لوپنۇر رايوندا باللار ئويۇنلىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ھەرىكەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، پەم - پاراسەت، چېۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۇڭ توپ — لوپنۇر رايوندىكى خەلق بۇرۇندىن تارتىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەچكە، لوپنۇر باللىرىمۇ قوي يۇڭىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلگەن، يۇڭ يىپنى ئېگىرىپ، چىڭ قىلىپ تۈرۈپ، يۇملاق شار شەكىللىك موم ياساپ، سىرتىغا قىزىل، ئاق يىپلارنى ئوراپ چىگىپ كۆكلەيدىغان توپ قىلغان. ئاندىن ئۇنى ئالقىنى بىلەن يەرگە ئۇرۇپ (بۇنى «پوك - پوك» دەپ ئاتىغان) كۆكلىتىپ ساناپ ئوينىغان. يەنە بىر خىلى باشتا ئالقان بىلەن يەرگە قارىتىپ ئۇرۇپ ئاندىن قولنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ يەنە ئۇنى ئالقان بىلەن يەرگە قارىتىپ ئۇرۇپ ئوينىغان. (بۇنى «ئىلىكچە» دەپ ئاتىغان).

ئاق ئۇستىخان ــ بۇ ئويۇن لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئويۇن بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن قوينىڭ بوغچۇما سۆڭىكىنى قاراڭغۇدا ئىزدەپ ئوينىلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئاق ئۇستىخان» دەپ ئاتالغان. بۇ ئويۇن مۇنداق ئوينىلىدۇ، ئالتىدىن، ئونغىچە بالا قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر يەرگە يىغىلىدۇ. ئۇستىخاننى ئېلىپ كەلگەن بالا بىرىنچى بولۇپ يىراققا قاراپ ئاتىدۇ ـ دە، باشقا بالىلار ئۇستىخان چۈشكەن تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ تالىشىپ يۈرۈپ ئىزدەيدۇ. كىم بىرىنچى بولۇپ تېپىۋالسا، شۇ ئۇتقان بولۇپ، بالىلار ئۆز جايىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇستىخان ئېتىش نۆۋىتى شۇنىڭغا ئۆتىدۇ، ئويۇن شۇنداق دەۋرىي قىلىپ داۋاملىشىدۇ. دېمەك بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ چېچەنلىك، كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش رولىغا ئىگە.

«مالاي توپ» ــ مالاي توپ لوپنۇرلۇقلارنىڭ قىزىقارلىق تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بولۇپ، بۇ توپ ئويۇنى چېۋەرلىك، يۈگۈرۈش بويىچە مۇسابىقىلىشىش شەكلىدە ئوينىلىدۇ. ئوينىغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ باشلامچىسى «ئاتامان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئويۇن مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا ئاي شەكلىدە «هويلا» سىزىلىدۇ. ئىككى ئاتامان ئالدى بىلەن هويلىغا ئىگە بولۇش هوقۇقى تالىشىپ توپ ئۇرغۇچنى سىقىمدىشىدۇ. قايسى تەرەپ ئاتامانى قېپقالسا، شۇ تەرەپ «هويلا» سىرتىدا تۇرۇپ «هويلا» ئىچىدە تۇرۇپ توپ ئۇرغۇچىلارغا توپ تاشلاپ بېرىش، ئۇرۇلغان توپنى تۇتۇش، تېرىش قاتارلىق ئىشلارنى ئورۇندايدۇ، شۇڭا «مالاي توپ» دەپ ئاتالغان.

بۇ توپ ئويۇنىنىڭ قورالى توپ ۋە ئۇرغۇچ بولۇپ، توپ ئۇرغۇچ 70 ـ 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، ياپىلاق شەكىللىك پالاق ياسىلىدۇ. بۇنى «پالاق» دەپ ئاتايدۇ. پالاق ئىشلەتمەي ئالقاندا ئۇرسىمۇ بولىدۇ. توپ يۇڭ يىپنى ئېگىرىپ چاڭگالغا سىققۇدەك چوڭلۇقتا، يۇپيۇملاق قىلىپ ياسىلىدۇ. يۇملاق قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تولانغان رەڭلىك يىپ بىلەن پىششىق ئوراپ چىگىلىپ چۇۋۇلماس، تىتىلماس هالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ توپ گەرچە قولدا ياسالغان بولسىمۇ، زامانىۋى توپلارغا ئوخشاش يەرگە ئۇرۇلسا بىر مېتىردىن ئېگىز قاڭقىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئويۇن جەريانى: «هويلا»غا ئىگە بولۇش هوقۇقىغا ئېرىشكەن كوماندا ئالدى بىلەن «هويلا»غا كىرىپ ئاتامانىنىڭ كەينىدە رەت بولۇپ تىزىلىپ تۇرىدۇ. قارشى تەرەپ ئاتامانى «هويلا» ئالدىدا، ئەزالىرى مەيدانغا تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن «هويلا»نىڭ ئوڭ تەرىپىدىن قاچىدىغان، قېچىپ يانىدىغان يول بەلگىلىنىدۇ. ئاتاماندا ئىككى قېتىمدىن، ئەزالاردا بىر قېتىمدىن توپ ئۇرۇش هوقۇقى بولىدۇ، هەممە ئۆز ئورۇنلىرىغا ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇن رەسمىي باشلىنىدۇ. هويلا ئىچىدىكى كوماندا ئەزالىرى توپنى ئۇرۇپ بولۇپلا هويلىسىغا قېچىشى، ئىككىنچى بىرى ئۇرۇپ بولۇپ قاچقاندا، ئۇ قېچىپ يېنىپ كېلىشى شەرت. ئەگەر قاچالمىسا (قېچىپ كېلەلمىسە) ئۈچىنچى، تۆتىنچى نۆۋەتتە قاچسىمۇ (قېچىپ كەلسىمۇ) بولىدۇ، مەيلى قانداق قاچسۇن ئۆزىگە توپ تەگكۈزمەسلىكى شەرت. قارشى تەرەپ ئەزالىرى ئۇرۇلغان توپنى هاۋادىن يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىپ ياكى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن تەقدىردە



uyghurkitap.com


چاقماق تېزلىكىدە تېرىۋېلىپ قاچقۇچىغا قارىتىپ ئېتىپ، تەگكۈزۈشى شەرت. ئەگەر تەگكۈزۈشكە كۆزى يەتمىسە ئەپچىل پەيت كۈتۈش ئۈچۈن ئۆزئارا پاس بېرىشىپ تۇرۇپ ئاندىن ئاتسىمۇ بولىدۇ. قاچقۇچى مەيلى قانداق قاچسۇن، قاچقۇچىغا توپ قانداق ئېتىلسۇن ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر توپ تەگكەن ھامان مەيدان سىرتىدىكىلەر «ھويلا»غا يۈگۈرۈپ كىرىۋېلىشى شەرت. چۈنكى قاچقۇچىغا توپ تەگسىلا توپ ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ دە، ئىككى تەرەپ ئورۇن ئالمىشىدۇ، ئەگەر توپ تەگكەن ئەزا چاققانلىق بىلەن توپنى ئېلىپ قارشى تەرەپنىڭ «ھويلا»غا قاراپ يۈگۈرۈۋاتقانلىرىدىن ئېتىپ تەگكۈزۈۋېلىپ ھويلىغا قېچىپ كىرىۋالسا، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى يەنە داۋاملىق شۇلاردا بولىدۇ، ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە مەلۇم ۋاقىت داۋاملاشقاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ.»

غىرتاڭ ـ غىرت — بۇ لوپنۇرلۇقلار ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇنلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بۇ ئويۇننى چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ ئايرىم ـ ئايرىم ۋە قوشۇلۇپ ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق: بۇ قول ياغلىق تاشلاش ئويۇنىغا ئوخشاش 10 ـ 20 ئادەم ئالدىغا قاراپ يۇملاق بولۇپ بىر ـ بىرىگە يېقىن ئولتۇرىدۇ، ئوتتۇرىدا بىر ئادەم ئولتۇرىدۇ. چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار قاتتىراق پاتا (لاتا)نى سوقۇپ بىر ـ بىرىگە ئۆتكۈزۈپ ئۆزئارا:

غىرت، غىرت، غىرتاڭ ـ غىرت،
بۆكۈم ئىنتى غىرتاڭ ـ غىرت
ژىگنەم (يىگنەم) ئىنتى غىرتاڭ غىرت،
غىرت، غىرت، غىرتاڭ غىرت .

دەپ لاتىنى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئادەم كىمدە ئىكەنلىكىنى سېزەلمىگەدەك ھالەتتە يۆتكىلىرىنىڭ ئارىلىقىدىن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ئوتتۇرىدىكى ئادەمنى تۇيۇقسىزلا شۇ لاتا (پاتا) بىلەن ئۇرىدۇ، ئەگەر ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئادەم شۇ ئۇرۇلغان لاتىنى تۇتۇۋالسا ئورنىغا باشقا ئادەم كىرىدۇ، تۇتۇۋالالمىسا بۇ ئويۇن ئۇرۇلغان لاتىنى تۇتۇۋالغۇچە داۋاملىشىدۇ.

پاتا ئويۇنى (قول ياغلىق تاشلاش ئويۇنى) — بۇ باللار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇندا 10 ـ 15 بالا چەمبەر بولۇپ ئالدىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارىلىقى 30 ـ 50 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كەڭ ياكى تار ئارىلىق قالسا چەمبەر ھەم كېلەڭسىز ھەم يۈگۈرۈپ ئايلىنىشقا بىئەپ بولۇپ قالىدۇ. ياغلىق تاشلاش ئويۇندا بىر بالا توقماق قىلىپ چىگىلگەن باش ياغلىقنى ئېلىپ چەمبەرنى بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىدۇ ـ دە، تازا زەن سالماي ئولتۇرغان بىرسىنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىر ئايلىنىپ كەلگۈچە ھېلىقى بالا تۇيۇپ قالسا كەينىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ چەمبەرنى ئايلىنىپ ئويۇننى يۇقىرىقى مەزمۇندا داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر تۇيماي ئولتۇرۇۋەرسە، ياغلىق تاشلىغان بالا كېلىپ، ئۆزى تاشلىغان ياغلىقنى قولىغا ئالىدۇ ـ دە، تۇيمىغان بالىنى ئۇرۇپ چەمبەرنى بىر نەچچە قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن توقماق يېگەن بالا ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۆز «گۇناھىنى» يۇيۇش ئۈچۈن ناخشا ئېيتىپ بېرىدۇ ياكى ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ.

شاكىچەك ئويۇنى — بۇ ئويۇن لوپنۇر رايونىدىكى باللار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك ئوينالغان ئويۇن بولۇپ، يۇلغۇن ياغىچىدىن چوكىغا ئوخشاش قىسقا، ئىنچىكە تاياقچىدىن 50 ـ 100 ياسايدۇ. بۇ تاياقچىنىڭ بۇقىسى، ئىنىكى، ئاق، قارىسى بولىدۇ. ئىككى ئادەم ئوينايدۇ، ئىككى تەرەپ ئوخشاش چىقىرىپ ئالقانغا قويۇپ ئۇرۇپ قولنىڭ دۈمبىسىگە ئېلىپ خۇددى باللاردىكى تەڭگە ئويۇنىغا ئوخشاش، ئاندىن قارشى تەرەپ قارىنى تۇت ياكى ئاقنى تۇت دەيدۇ، تۇتماقچى بولغان تەرەپ شۇ شەرت بويىچە تۇتالماي باشقىسنى تۇتۇپ سالسا «كۆپەيتىش تۇتتىڭىز، تاشلاڭ» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارلىق شاكىچەكلەر شەرت قويغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. ئەگەر شەرتنى ئورۇندىيالىسا ياكى بۇقىسى ۋە ياكى ئىنىكىنى تۇتۇۋالالىسا بارلىق شاكىچەكلەر شەرتنى ئورۇندىغۇچىغا تەۋە بولىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە ئوينىلىپ، ئەڭ ئاخىرى بىر تەرەپ ھەممە شاكىچەكنى ئۇتۇپ يەنە بىر تەرەپتە بىرمۇ شاكىچەك قالمىغۇچە داۋاملىشىدۇ، بۇ ئويۇن لوپنۇر رايونىدا ئەڭ قىزىقارلىق، ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىپ كەلگەن ئويۇنلارنىڭ بىرى.

تەپمە توقماق ئويۇنى — بۇ ئويۇندا يەرگە تۆت چاسا دائىرىدىن بىرنى سىزىپ، بىر تال ئاق توقماقنى شۇ دائىرە ئىچىگە قويۇپ تۆت تەرىپىنى بىر ئادەم ئايلىنىپ

تۇرۇپ قوغدايدۇ. ئەگەر كىم شۇ تۇماقنى تېپىپ شۇ دائىرىدىن چىقىرىۋېتەلىسە، دائىرە قوغدىغان تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ. خۇددى پۇتبولغا ئوخشاش قىزىقىپ تالىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى.

چۈجەك ئويۇنى — بۇ لوپنۇر رايونىدا چۈجە، مېكىيان، خورازلارغا سىمۋول قىلىپ ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، باللاردا قەيسەرلىك، ئۆملۈك، ھەمكارلىق خىسلىتىنى يېتىلدۈرۈش رولىغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئويۇن «چۈجەك» دەپ ئاتالغان، ئوينىلىش جەريانى مۇنداق: 7 ـ 15 بالا بوينىنىڭ ئېگىزلىكى بويىچە ئالدىغا قاراپ قاتار بولۇپ تۇرىدۇ، ئەڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئانىسى بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇدۇل ئۈچ ـ تۆت مېتىر نېرىسىدا يەنە بىر بالا سەپنىڭ بېشىدىكى بالىغا قاراپ مەغرۇرانە قىياپەتتە مۇنداق سورايدۇ:

— ئارقاڭدىكى نېمىلەرنىڭ؟
— ئوماق، ئوماق چۈجىلەرىم،
— ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟
— كۈچۈڭ يەتسە ئالساڭچۇ.
ئاندىن كەينىدە تۇرغان باللىرى:
— ئانىكا، ئانىكا مېنى بەرمەڭ،
ئېلىپ قاچىدۇ، يەپ كېتىدۇ.

دەپ چۇرقىرىشىدۇ. ئۇدۇل تۇرغان بالا بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن «مانا ئەمسە ئالدىم» دەپ سەپنىڭ قۇيرۇقىغا قاراپ ئېتىلىدۇ. سەپ بېشىدىكى بالا ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ يولىنى توسىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن «ھۇجۇم»، «مۇداپىئە» جېڭى باشلىنىپ كېتىدۇ. سەپ بېشىدىكى بالا قايسى يانغا قاراپ ئېتىلسا، «چۈجەك»لىرى دەمبەس قەدەم ئەگىشىپ شۇ تەرەپكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق جىددىي ئايلىنىشتا سۆرۈلۈپ سەپتىن ئاجراپ قالغانلار بولسا «ھۇجۇمچى» شۇنى تۇتۇۋالىدۇ ـ دە، بىر چەتكە چىقىرىپ قويۇپ داۋاملىق «ھۇجۇم» قىلىدۇ، ئەگەر سەپتىن ئاجراپ قالىدىغانلار تۈگىسە، ئانا مېكىيان يالغۇز قالسا بۇ ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.

دۇم ـ دۇم ئويۇنى — بۇ ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق: بىر توپ بالا چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرىدا بىر بالا دۈمبىسىنى قىلىپ ياتىدۇ. بىر ياغلىق ئۈچىنى پومزەك قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئەتراپىدا ئولتۇرغان باللار مۇشۇ ياغلىق ئارقىلىق ئوتتۇرىدىكى بالىنىڭ دۈمبىسىگە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرىدىكى بالا ئۆزىنى كىمنىڭ ئۇرغانلىقىنى تاپالىسا ئورنىغا ئۇرغان بالا كىرىپ ياتىدۇ، تاپالمىسا تاپقۇچە ياتىدۇ.

خالتا تاشلاش ئويۇنى — بۇ لوپنۇر رايونىدا خەتنە تويىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئوينىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، باللارنىمۇ چوڭ مېھمانلار قاتارىدا كۆرۈپ ئۇلارغىمۇ ئالاھىدە تەييارلانغان خالتىنى ئېتىپ بېرىدىغان ئويۇن. بۇ ئويۇننىڭ تەرتىپى مۇنداق، ئالدى بىلەن خەتنىسى بولىدىغان بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى رەختتىن يەڭلىك شەكىلدە خالتا تىكىپ، ئاۋۋال ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى تىكىۋېتىپ يەنە بىر ئۇچىدىن قۇرۇق يەل ـ يېمىش، كەمپۈت، پۇل... قاتارلىقلارنى قاچىلاپ، ئاغزى ئېتىلىپ تەييارلانغان خالتىنىڭ ئاسمانغا ئېتىلىشىنى ساقلاپ تۇرغان بىر توپ باللار ئارىسىغا چوڭ بىر كىشى كېلىپ خالتىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن باللار ئىچىدىكى چاققانراق بىرى خالتىنى ئېلىپ قاچىدۇ، باشقىلار بولسا شۇ قاچقان بالىنى قوغلايدۇ ۋە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن خالتا ئىچىدىكى يېمەكلىكلەرنى بۆلۈشۈپ يەيدۇ، پۇلنى بولسا تەڭ خەجلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ. بۇ خىل ئويۇن باللارنىڭ ئىنكاسىنى ۋە چاققانلىقىنى سىناش، ھەمكارلىق، رىقابەتچانلىق ئېڭىنى كۈچەيتىدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى.

لوپنۇر رايونىدا يۇقىرىقى ئويۇنلاردىن باشقا يەنە «سوزماق (رەگەتكە) ئېتىپ ئويناش»، «مۆكمۆكلەڭ ئويۇنى»، «تاقمۇ ـ جۈپمۇ ئويۇنى»، «ئىلەڭگۈچ ئويۇنى»، «لىڭگىر تاقتاق ئويۇنى»، «ئاق تاش ـ كۆك تاش ئويۇنى»، «بەش تاش ئويۇنى»، «نۇر»، «چانا»... قاتارلىق ئويۇنلار ئوينىلىدىغان بولۇپ لوپنۇرلۇقلاردا ھەر قانداق ئويۇننىڭ ئەركەك ـ چىشىسى، رىقابەتچىسى بولمىسا بۇ ئويۇن بولماي قالىدۇ دەپ قارىغاچقا ھەممە ئويۇنلارنى رىقابەتكە سېلىپ ئويناشنى ئاساس قىلغان. يەنە بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇنلار تۇرمۇشنىڭ بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە تېخىمۇ مۇكەممەل ۋە مۇقىم شەكىلگە كىرگەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن)

مۇھەررىر: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇسۇملۇك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملار توغرىسىدا

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

خەلقىمىز ئۇزاق زامانلاردىن بېرى يىپەك «پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىنچىكە تالا ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىرىلىپ تەييارلانغان يىپ»تىن سېرىق، ئات باغرى، قىزىل ئالا، سېرىق ئالا، ئالا قاغا، قارا قاغا قاتارلىق كۆپ خىل رەڭدىكى ئەتلەس «بىر يۈزى يالتىراق ھەم گۈلى ئوچۇق كۆرۈنىدىغان، يەنە بىر يۈزىنىڭ گۈلى سۇس كۆرۈنىدىغان يەرلىك يىپەك رەختتىن ئىبارەت»، تۆمۈر رەڭ، يېشىل، يېشىل ئالاقاغا، مۇجەت قاتارلىق بەقەسەم «يىپەك ۋە ئارىلاشما يىپتا يول - يول چىقىرىلىپ توقۇلىدىغان بىر خىل يەرلىك رەخت»، ئاق، سېرىق، ئەت رەڭ، قارا، پور رەڭ شايى، قوش يىپلىق چەكمەن شايى «مەخسۇس يىپەك يىپ بىلەن توقۇلىدىغان رەختتىن ئىبارەت»، يىپەك گىلەم، ياپقۇ، بەلباغ، ياغلىق، ياقىسى ئويۇپ چىقىرىلغان تۈگمە بېكىتىلمەي كىيىلىدىغان ئىچ يانچۇقلۇق ئۇزۇن چاپان تۇرىدىن ئىبارەت» ۋە ئەلگەك شايى قاتارلىقلارنى توقۇش بىلەن بىللە، پاختىدىن كاتەكچە، ھەيرانى ۋە ئانار گۈلى، يۇلغۇن چېچىكى، توز قۇيرۇقى، يېشىل، نىل رەڭ تولىما «ئىنچىكە يىپتا توقۇلغان سىپتا ماتا»، شاتۇار «پاختا يىپتىن ئاياللارنىڭ كۆڭلەك كىيىشكە باب قىلىپ توقۇلغان چاقماق گۈللۈك رەختتىن ئىبارەت»، ئاق قىرغاق ساماۋى تېرىكە، قوش يىپلىق رەڭگارەڭ تېرىكە قاتارلىق گۈللۈك رەخت ۋە ماتا «پاختا يىپتىن يەرلىك توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان رەخت بولۇپ، بۆز دەپمۇ ئاتىلىدۇ»، چەكمەن «پىششىق ئېگىرىلگەن پاختا ياكى يۇڭ يىپتىن پۇختا ۋە سىلىق قىلىپ توقۇلغان يەرلىك رەخت»، ھەر خىل گۈللۈك پالاس «يۇڭ ياكى پاختا يىپلىرىدىن توقۇلىدىغان سېلىنچا»، گۈللۈك تاغار «ئاشلىق ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەرنى ئىچىگە قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يۇڭ، پاختا ۋە چىگنىڭ چاق ئارقىلىق پىشىلدۇرۇلغان يىپلىرىدا توقۇش ئۇستىلىرى تەرىپىدىن مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ توقۇلغان تۇرمۇش جابدۇقى»، خۇرجۇن «ئىچىگە نەرسە - كېرەك قاچىلىنىدىغان، ئۇلاغقا ئارتىشقا باب قىلىپ پاختا يىپ ياكى يۇڭ يىپتىن توقۇلىدىغان ئىككى باشلىق قاپنى كۆرسىتىدۇ»، ئىشتانباغ «ئىشتاننى كۆتۈرۈپ تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، ئىشتان لېيپىزىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان، پاختا، يۇڭ ۋە يىپەكتىن ياپىلاق كاشا شەكلىدە ئۇزۇنراق توقۇلىدىغان شوينا ياكى يىپ» ۋە

بەتتىس «پاختا يېپتىن توقۇلغان نېپىز رەخت» قاتارلىق توقۇلمىلارنى توقۇپ ئەمەلىي تۇرمۇشىدا ئىشلەتكەن.

قوي، تۆگە، ئۆچكە ۋە قوتاز يۇڭىدىن چەكمەن، تېۋىتلىق رومال «ئاياللار بېشىغا سالىدىغان چوڭراق ياغلىق»، يۇڭ پالاس، كاشا، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ياپقۇسى «يۇڭ يىپتىن ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئۇستىگە يېپىشقا باب قىلىپ مەخسۇس توقۇلىدىغان بۇيۇم بولۇپ، يوپۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ» قاتارلىق ئىپتىدائىي يۇڭ توقۇلمىلارنى توقۇپ، ئۇيغۇر توقۇمچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ شۆھرەتىنى مۇپەسسەل نامايان قىلغان بولسا، توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت، تال، ئاق تېرەك، قارىياغاچ، تېۋىلغا، ئانار، قومۇش، چىغ ۋە يېكەن قاتارلىق مېۋىسىز، مېۋىلىك دەل ـ دەرەخلەر ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېلى ۋە غولىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى ئاساسىدا نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملىرىنى توقۇپ، توقۇمچىلىق ساھەسىدە يەنە بىر يېڭى سەھىپە ياراتقان.

تۆۋەندە خەلقىمىزنىڭ توقۇمچىلىقنىڭ تارمىقى بولغان تال، چىغ، يېكەن ۋە قومۇشتىن ئىبارەت ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملار قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئەشيا ماتېرىياللىرى، ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، سايمان ـ جابدۇقلىرى، تال، چىغ يېكەن ۋە قومۇشتىن توقۇلغان بۇيۇملارنىڭ تۈرلىرى، توقۇلۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئىزدەنىشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى لايىق تاپتىم.

خەلقىمىزنىڭ تال، چىغ، يېكەن ۋە قومۇشتىن ئىبارەت ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملار قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا لازىملىق بولغان سايمان ـ جابدۇقلارنىڭ ئەشيا ماتېرىيالىنى ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىن باغرىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىش قوشۇپ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور ئۆلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ئاددىي ۋە تەييار ئەشيا ماتېرىياللاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، بىر تەرەپتىن تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنى قوغدىسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سىجىل تەرەققىياتىنى تۆۋەن تەننەرخلىق ئەشيا ماتېرىياللار بىلەن كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

مەلۇمكى، خەلقىمىز ياشىغان پايانى چەكسىز، باغرى ئىللىق بۇ ماكان توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت، تال، ئاق تېرەك، قارىياغاچ، تېۋىلغا، ئانار، قومۇش، چىغ، يېكەن قاتارلىق مېۋىلىك، مېۋىسىز ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆكسۈمەس بۇلىقى بولغاچقا، خەلقىمىز ئۇلارنىڭ تۈرلۈك تەركىبلىرىنى تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان سايمان ۋە جابدۇقلارنىڭ ئەشيا مەنبەسى قىلغان.

ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال مەنبەسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، تال توقۇلما بۇيۇملىرى، قومۇش توقۇلما بۇيۇملىرى، چىغ توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە يېكەن توقۇلما بۇيۇملىرى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

## تال توقۇلما بۇيۇملىرى

تال توقۇلما بۇيۇملىرى ئۈچۈن توغراق، يۇلغۇن، سۆگەت، تال، تېرەك، تېۋىلغا ۋە ئانار قاتارلىق مېۋىسىز ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆن نۇرىدا پىشقان تۈز، ئەۋرىشىم تاللىرى ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

توغراق: تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، ياغىچى قۇرۇلۇش ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پىشقان چىۋىقلىرىدىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ، توغراقنىڭ بىر قانچە خىل تۈرى بولىدۇ.

قىرچىن توغراق: توغراقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، قوۋزىقى نېپىز، ئوششاق شاخلىرى كۆپ بولىدۇ.

يۇلغۇن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال، كونا شاخلىرى قىزىل رەڭدە، يوپۇرمىقى تەڭگە شەكىلدە، گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى غوزىلىق، ئۇرۇقىدا تۈكچىلەر بار بولۇپ، شور ۋە قۇرغاقچىلىققا چىدامچان كېلىدۇ. يۇلغۇننىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

ئۆچكە يۇلغۇن: رەڭگى سارغۇچ، ئوششاق تۈككە ئوخشاش تىكەنلىكرەك بولىدىغان، چۈرۈك، سۇندۇرسا چورتلا سۇنىدىغان، سېرىق چېچەكلەيدىغان يۇلغۇن تۈرى.

قىزىل باش يۇلغۇن: يۇلغۇننىڭ بىر خىلى بولۇپ،

www.uyghurkitap.com



رەڭگى قىزغۇچ، ئۇششاق شاخلىرى ئازراق، قىزىل چېچەكلەيدۇ، چىلق ۋە پۇختا كېلىدۇ.

كۆپ گۈللۈك يۇلغۇن: يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قومۇل رايونىغا تارقالغان. باشقا يۇلغۇنلاردىن پەرقى، ئومۇمەن گۈل رېتى ئالدىنقى يىللىق شېخىنىڭ يان تەرىپىدە ئۆسىدۇ. گۈل رېتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ - توققۇز سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئۈچ - بەش سانتىمېتىر، گۈلى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۈل تاجىسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

سۆگەت: تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال بولۇپ، يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈل رېتى پوتلىسىمان كېلىدۇ. تۈرلىرىدىن سېرىق سۆگەت، قارا سۆگەت دېگەنلەر بار. ياغىچى قۇرۇلۇش ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پىشقان چىۋىق تاللىرىدىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

تال: تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال بولۇپ، ئادەتتە مەجنۇنتال ۋە سېرىق سۆگەت دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ. ياغىچى قۇرۇلۇش ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ. پىشقان چىۋىقلىرىدىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

تىرەك: تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك، ئاق تېرەك ۋە تاغ تېرىكىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بار. ياغىچى قۇرۇلۇش ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ، پىشقان چىۋىقلىرىدىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

تېۋىلغا: ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال بولۇپ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېلىپس شەكلىدە بولىدۇ. تومراق غولى ئادەتتە قامچا دەستىسى قىلىنىدۇ، پىشقان ئۇششاق چىۋىقلىرىدىن تۈرلۈك توقۇلما بۇيۇملارنى توقۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

ئانار: ئانار ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم يۇمىلاق. گۈلى قىزىل، ئاق ياكى سېرىق رەڭدە. مېۋىسى شارچە شەكلىدە، ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ئۇرۇقنىڭ سىرتقى پوستى شىرنىلىك بولۇپ، يېيىشكە بولىدۇ. يىلتىز پوستى ۋە شېخىنىڭ قاسراقلىرىدىن تاسما مەددە ۋە سازاڭسىمان مەددىلەرنى چۈشۈرگۈچى ئاددىي دورىلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. يەنى ئانار دەرىخى قوۋزىقىدىن 15 گىرام تەييارلاپ، 500 گىرام سۇغا سېلىپ قوشۇپ، يېرىم قاچا ئەتراپىدا سۇ قالغۇچە قاينىتىپ، ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بۇرۇن ئىچسە بولىدۇ. ئاچچىق ئانار، تاتلىق ئانار ۋە ناخۇش ئانار دېگەن تۈرلىرى بولىدۇ، كۆن نۇرىدا پىشقان ئەۋرىشىم تاللىرىدىن تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى توقۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئاچچىق ئانار: ئانارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەمى ئادەتتىكى ئاناردىن چۈچۈمەل بولىدۇ.

تاتلىق ئانار: ئانارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، تەمى تاتلىق، شېرىن، لەززەتلىك ۋە شىرنىلىك بولىدۇ.

ناخۇش ئانار: تاتلىق ئاناردىن سەل چۈچۈمەلرەك، ئاچچىق ئاناردىن سەل تاتلىقراق كېلىدىغان ئانار تۈرىدىن ئىبارەت.

M I R A S

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مېۋىسىز ۋە مېۋىلىك دەل - دەرەخلەردىن توقۇلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جابدۇقلىرى.

زەمبىل: ئادەتتە 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى پاراللېل دەستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى چوڭقۇرراق، ئىككى يېنى ياپىلاق، ئىككى بېشى ئوچۇق ھالەتتە توقۇلىدىغان توپا، قىغ، تاش قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تال توقۇلما سايمىنى. زەمبىل پەقەت تاغار كۆتۈرمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش قورالى بولۇپ، ئادەمدىن پەقەت ئەمەلىي كۈچلا تەلەپ قىلىدۇ، باشقا ئەمگەك قوراللىرىدەك بىردەم - يېرىمدەم قويۇپ ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بەرمەيدۇ. چۈنكى زەمبىل ئالدى - كەينى بولۇپ ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ئىشلىتىلىدىغان سايمان، ئادەملەرنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن بىرىگە ئېغىر كەلمىگەن بىلەن يەنە بىرىگە ئېغىر كېلىشى تەبىئىي. شۇڭا «قاپ ھاماقەت، زەمبىل كاساپەت»، «شېرىكچىلىك زەمبىل كۆتۈرۈشتىن باشقا ئىشقا يارىمايدۇ» دېگەن ماقالىلار كۆپ ئۇچرايدۇ. زەمبىل ياسىلىشى ۋە قۇرۇلمىسى بىر قەدەر ئاددىي، ئەمما ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان تۇرمۇش جابدۇقلىرىنىڭ

بىرى بولۇپ، شەكلىگە قاراپ تاختا زەمبىل، غالتەك زەمبىل ۋە شۋاق زەمبىل دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تاختا زەمبىل: ئىچىنىڭ يەنى خاپىنىنىڭ كەڭلىكى 55 ـ 60 سانتىمېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 60 ـ 70 سانتىمېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقى 20 سانتىمېتىرغىچە، ئوڭ ۋە سول تەرەپ دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 55 ـ 60 سانتىمېتىرغىچە بولىدىغان زەمبىل تۈرىدىن ئىبارەت.

غالتەك زەمبىل: ئىچىنىڭ يەنى خاپىنىنىڭ كەڭلىكى 70 ـ 80 سانتىمېتىرغىچە، ئۇزۇنلۇقى 20 ـ 25 سانتىمېتىرغىچە بولغاندىن سىرت، خاپان قىسمىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىغا ئىككى كالتە پاچاق بېكىتىلىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا دىيامېتىرى 50 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا راسلانغان غالتەك، سول تەرەپ ئاستىغا ئوڭ تەرەپتىكى پاچاقتىن ئۇزۇنراق بولغان ئىككى پاچاق بېكىتىلىش بىلەن بىللە، خاپان قىسمىنىڭ ئىككى يان تاختىيىنىڭ ئۈچى تەردىپىدىن 50 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا دەستە چىقىرىلىپ تەييارلىنىدۇ. تاختا زەمبىل بىلەن غالتەك زەمبىل مەخسۇس ياغاچچىلار ۋە تال توقۇمىچىلىقنى كەسىپ قىلغان كىشىلەر تەرىپىدىن ياسىلىدۇ.

شۋاق زەمبىل: چوڭ ـ كىچىكلىكى جەھەتتە كۆپىنچە ھاللاردا تاختا زەمبىل بىلەن غالتەك زەمبىلگە ئوخشاش بولغاندىن سىرت يەنە، ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئاساسەن بىر يېرىم مېتىر، ھەتتا ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 70 ـ 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بولىدۇ. ئادەتتە بۇ خىل زەمبىللەر ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك سېۋەت توقۇشنى بىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن توقۇلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىردىن ئىككى يېرىم مېتىرغىچە، دىيامېتىرى ئالتىدىن سەككىز سانتىمېتىرغىچە بولغان ئىككى تال دەستە، توغراق، سۆگەت، ئۈجمە، يۇلغۇن، تېرەك، قارىياغاچ قاتارلىق دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئۇزۇن ھەم ئەۋرىشىم چىۋىقلىرى ماتېرىيال قىلىنىدۇ. ئادەتتە بۇ ئۈچ خىل زەمبىللەرنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ۋە ئورنى ئوخشاش بولۇپ، ئاساسەن دېھقانچىلىق ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا ئېتىزلارغا ئوغۇت تارقىتىش، توپا، تاش يۆتكەش، ئائىلىلەردە ئېغىر ـ يېنىك ئەخلەت ـ چاۋارلارنى يۆتكەش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىلگەندىن سىرت، غالتەك زەمبىل ئارقىلىق بازارلارغا مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات

قاتارلىقلارنى ئاپىرىپ تىجارەت بۆگلۈكى ئورنىدا ئىشلەتكىلى ھەمدە شۋاق زەمبىللەرنى جىددىي كېسەللەرنى تېزدىن دوختۇرخانىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن نوسۇلكا ئورنىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

چۇراڭ: يەنە بىر ئاتىلىشى قاسقانلىق زەمبىل بولۇپ، 80 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى پاراللېل دەستىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ يۈزلۈكى تۈز، تۆت ئەتراپى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئېگىزلىتىلىپ توقۇلىدىغان، ئاساسەن باش قوناق، سامان تۇشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تال توقۇلما سايمىنى.

زەمبىل ۋە چۇراڭ توقۇشنىڭ ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن چىۋىقلار تەييارلىنىپ، زەمبىل ۋە چۇراڭ دەستىلىرى ئۆلچەم بويىچە ياپياڭ ھالەتتە كولانغان يەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇئەييەن كەڭلىكتە پاراللېل قىلىپ ياتقۇزۇلۇپ، دەستىنىڭ تۆت بېشى يېنىغا قېقىلغان قوزۇققا مەھكەم باغلىنىپ مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ. ئاندىن يەنە پاراللېل ھالەتتە تۆت ـ بەشتىن چىۋىقنىڭ باش ـ ئۈچى ئالماشتۇرۇلۇپ راسلانغان ئالتە ـ يەتتە تال غول قويۇلۇپ، ئۇزۇن چىۋىقلار بىلەن دەستىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ توقۇلىدۇ. دەستىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ يۆگەلگەن چىۋىق ئۈچى زەمبىل ئىچىگە تەرتىپ بويىچە رەتلىك سانجىلىپ مۇقىم ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

سۆرەم: سۆرەم خەلقىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا تېرىلىپ تىرنا سېلىنغان يەرنىڭ ئۈستىدىن سۆرىتىپ، ئېتىزدىكى ئېزىلمىگەن داڭگاللارنى ئېزىش، يەرنى تۈزلەش شۇ ئارقىلىق يەرنىڭ نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەنئەنىۋى سايمانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن ياغاچ ۋە دەل ـ دەرەخلەرنىڭ چىۋىقىدىن ياسىلىپ تەييارلىنىدۇ، ياسالغان ماتېرىيالىغا قاراپ ياغاچ سۆرەم ۋە شاخ سۆرەم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ياغاچ سۆرەم: ياغاچ پىنىدىن ياكى ياغاچ رايكىلىردىن بالداق تارتىلىپ كەڭلىكى بىر مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 60 سانتىمېتىر قىلىپ ياسالغان قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.

شاخ سۆرەم: ياغاچتىن ئىچكى قىسىملىرىغا بالداقلار تارتىلىپ ياسالغان چارچاپنى دەرەخ چىۋىقلىرى بىلەن توقۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان سۆرەم تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆل توپا قاتارلىق ئېغىر نەرسىلەرنى

2018.2

www.uyghurkitap.com



قويۇپ، ئاندىن سۆرەم قىلىنىدۇ. خەلقىمىزدە تېرىلىپ بولغان ئېتىزنىڭ ئۈستىنى سۆرەم بىلەن باستۇرۇش ئىشىنى سۆرەم سېلىش دەپ ئاتىلىدۇ.

كۆشۈك هارۋا: ئادەم ۋە يۈك يېيىش قىسمىنى سىم ياكى دەرەخ تاللىرىدىن كۆشۈككە ئوخشاش توقۇغان هارۋىدىن ئىبارەت. بۇرۇنلاردا جازالانغۇچىلارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئۈچۈن مەهبۇس تۇرىدىغان ئورنىنى ياغاچلار بىلەن قەپەز شەكلىدە قورشاپ، جازالانغۇچىلارنى شۇ يەرگە تۇرغۇزۇپ يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. بۇنداق هارۋا يەنە «مەهبۇس هارۋىسى» دەپمۇ ئاتالغان. يەنە بەزى ئەهۋاللاردا هارۋىنىڭ نەرسە ـ كېرەك قاچىلايدىغان ئورنىنىڭ ئەتراپىنى دەل ـ دەرەخ تاللىرى بىلەن ئېگىزلىتىپ توقۇپ توسۇپ سامان توشۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن، بۇنداق هارۋىلار «سامانچى هارۋىسى» دەپمۇ ئاتالغان.

قاشا: بىرەر دائىرىنى ياكى هويلا ـ ئاران، قورۇ ـ قوتانلارغا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن قويۇلغان ئورۇننى توسۇش رولىغا ئىگە بولغان ئاددىي دەرۋازىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ياغاچتىن راسلانغان يانلىققا ماسلاشقان بالداقلار مۇقىم بېكىتىلىپ چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، دەرەخ تاللىرى بىلەن هەم توقۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. قاشانىڭ بىر تەرىپى لاڭقاغا گىرە ياكى خام تاسما ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلۇپ بېكىتىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. «قاشا مەهكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس» دېگەن ماقال بار.

قوشام: قوشام يۇلغۇن ياكى دەرەخ ماتېرىياللىرىدىن مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە ئارىلىقى زىچ توقۇلغان، باش قوناق ۋە سامان توشۇش ئۈچۈن هارۋا ساندۇقچىسىنى ئېگىزلىتىپ قاشالاش رولىغا ئىگە بولغان پالاسسىمان دېهقانچىلىق سايمىنى هەم مال قوتان، شۇنداقلا جان ـ جانىۋارلار كىرىش چەكلەنگەن ئورۇنلارنىڭ مۇداپىئەسى ئۈچۈن قاشا قىلىنىدىغان بۇيۇم.

قوشام تاملىق ئۆي: يۇلغۇن چىۋىقى، توغراق بادرىسى، سېرىق سۆگەتنىڭ ئۇششاق بادرىسى، ياغاچ چېتىق ۋە لاي سۇۋاقتىن ياسىلىدىغان ئۆي بولۇپ، بۇ ئۆي قۇم ـ تۇپراقلىق ئورۇنلاردا ئولتۇراق ئۆي ياساش جەھەتتە ئىختىرا قىلىنغان خاس ئۆي تۈرلىرىدىن ئىبارەت.

بادىاڭ: چىۋىق، چىغ ۋە قومۇش قاتارلىقلاردىن توقۇلۇپ، يۇملاق هالەتكە كەلتۈرۈلگەن ياكى دەرەخ تېنىدىن كۆپ شەكىلدە ئويۇپ ياسالغان ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ قاچىدىن ئىبارەت. بادىاڭنىڭ ئېگىزلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا، ئايلانمىسى نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، ئاستى تارراق، ئۈستى تەدرىجىي تارلاشقان هالەتتە توقۇلىدۇ. بادىاڭنى مۇقىم بىر يەرگە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇۋېلىپ ئاندىن ئىچىگە باش قوناق قاتارلىق ئاشلىقلار قويۇپ ساقلىنىدۇ، ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان بادىاڭلاردا ئۇن ساقلاشمۇ كۆپرەك ئۇچرايدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا «تاغامدىن تاغار ياخشى، هاممامدىن بادىاڭ ياخشى»، «ئىشنى كارداڭدىن سوراڭ، ئۇننى بادىاڭدىن سوراڭ» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىلەر، «بېشى يوغان قاپاقتەك، بوينى ئىنچىكە ساپاقتەك، قورسىقى يوغان بادىاڭدەك، گېلى كۆپكەن پوقاقتەك» دېگەندەك هەجۋىي قوشاقلارمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ.

چويلا: چويلا سۇدا پىشۇرۇلىدىغان لەڭمەن چۆپى، تۈگۈر، كۆك چۆچۈرىسى، نارىن چۆپى، ئۈگرە چۆپى قاتارلىقلارنى سۈزۈش بىلەن بىللە ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بوغۇرساق، قۇيماق، ژىت، سامبۇسا، پىلتە قۇيماق قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىمۇ سۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقى. ئىلگىرى خەلقىمىز سۆگەت، تېۋىلغا، يۇلغۇن، قارىياغاچ، توغراق قاتارلىق ياغاچلارنىڭ تېلىدىن چويلىنى مۇئەييەن قانۇنىيەت بويىچە مۇۋاپىق ئارىلىقتا ئاراش قويۇپ توقۇپ تۆشۈك ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن. چويلا سۈزۈش جابدۇقى بولۇپ، يۇقىرىقى ياغاچلارنىڭ تاللىرى سىپتا هالەتتە راسلىنىپ، چويلا شەكلىدە، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇقتا تۇتقۇچ چىقىرىلىپ توقۇلىدۇ. بۇنداق چويلا قىزىق ئاش سۈيى ۋە قىزىق سۇ يېغى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىنمۇ هېچقانداق ئەكس تەسىرلىك ئەهۋال پەيدا قىلمايدۇ. دېمەك، چويلا، خەلقىمىز ئۇنىڭدىن يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشنى باشلىغاندىن تارتىپ ياساپ ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل تائام سۈزگۈچ.

خەلقىمىزدە «بۇ هۈنەر هۈنەرمەندى، ئەسلىي هۈنەر چويلىچىلىق»، «بالىسى يوقنىڭ كويلا، بالىسى بارنىڭ چويلا» دېگەن ماقال بار.

يەڭلىك تەگلىكى: يەڭلىك مەخسۇس نان يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆشۈك جابدۇقىدۇر. يەڭلىكنىڭ

يەنە بىر نامى گەزنە دەپ ئاتىلىدۇ. يەڭلىك چوڭ يەڭلىك ۋە كىچىك يەڭلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. چوڭ يەڭلىكتە چوڭ نان، كىچىك يەڭلىكتە توقاچ يېقىلىدۇ. يەڭلىك ياساش ئۈچۈن ئالدى بىلەن توقۇلۇشى پۇختا، كىر كۆتۈرۈشچانلىقى ئېگە پاختا رەختتىن يەڭلىك قېپى تىكىلىدۇ. يەڭلىك قېپىنىڭ ئالدى يۈزلۈكى ئادەتتىكى رەختتىن، كەينى يۈزلۈكى قېلىنراق رەختلەردىن ياكى كاناپ رەخت، پالاس پارچىسى قاتارلىقلاردىن تىكىلىپ، يەڭلىكنىڭ ئۈتۈش ئورنىغا قول پاتقۇدەك قىلىپ، بارماقسىز پەلەي شەكلىدە بوشلۇق ئېچىلىدۇ. مۇنداق قىلغاندا نان ياققۇچىنىڭ قول دۈمبىسى ئوت بىلەن بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ كۆيۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، ئاندىن قارىياغاچ ياكى سۆگەت تېلىدىن 30 ـ 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا دۈگلەك قاسقان توقۇلىدۇ. بۇ يەڭلىك تەگلىكى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار پۈتكەندىن كېيىن توقۇلما قاسقان يەڭلىك قېپى ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئاز مىقداردا زىغىر ياكى بۇغداي پاخلى سېلىنىپ، سەل كۆپتۈرمە ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ تىكلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

چوكىلىق: چوكا سېلىنىدىغان ياكى كۆكتات، مېۋە قاتارلىقلارنى سالىدىغان كىچىك سېۋەت.

قوشۇقلۇق: قوشۇق سېلىپ ساقلايدىغان ياكى قوشۇق سېلىپ قويىدىغان چوكا سالغۇچ شەكلىدە تالدىن توقۇلغان تۆشۈك جابدۇقى.

كاجۇۋا: ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خۇرجۇنغا ئوخشاش توقۇلغان سېۋەتتىن ئىبارەت.

كەتىل: دۈمبىگە ئارتىۋېلىپ نەرسە ـ كېرەك توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تېگى تارراق، ئۈستى بىرئاز يايپاق شەكلىدە توقۇلىدىغان سېۋەت تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆكەن: توكاڭ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تالدىن ئېشەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇلاغلارغا ئارتىپ نەرسە ـ كېرەك توشۇش ئۈچۈن تالدىن توقۇلىدىغان چوڭ سېۋەتنى كۆرسىتىدۇ. سۆكەننىڭ ئاستى يۇمىلاق، ئېگىزرەك، ئاغزى كەڭرەك قىلىنىپ، نەرسە ـ كېرەك سالغاندا مىجىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تېگىگە ۋاسا شەكلىدە قاۋۇل تاياقچىلار پارالېل قىلىنىپ قويۇلۇپ توقۇلىدۇ. سۆكەن تولىراق بىر جۈپىنى ئارغامچا ياكى ياغاچ چېتىك ئارقىلىق چېتىپ ئۇلاغقا ئارتۇق قىلىپ، قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى بازارغا ئەكىرىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

كۇرە: تۈگمەنگە ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن قاپ ـ تاغارلاردىكى ئۇگۈتنى سۆكەنگە بۆلۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچتىن ياكى قومۇشتىن ئاغزى كەڭ، يېنى تۈز، ئاستى تار قىلىپ ياسالغان ياكى توقۇلغان سۆكەن شەكلىدىكى ئەسۋاب. «ئاغزى چوڭ، يېنى تۈز كۇرە، تېگى تار رەڭگى بوز كۇرە. غوجامنىڭ «شەپقەت» مىزانى، قىزارماس قېلىن يۈز كۇرە» دېگەن ئېيتىلمىلار ئۇچرايدۇ. كۇرە كۆپ ھاللاردا ئۆلچەش ئەسۋابى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ كەلگەن.

سېۋەت: ئىچىگە نەرسە ـ كېرەك سېلىش ۋە سامان، توپا، قىغ قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن دەرەخ چىۋىقلىرىدىن يۇمىلاق، ئېللىپىس ۋە قاپاقلىق ھالەتتە توقۇلىدىغان تال توقۇلما سايمىنى. خەلقىمىزدە «سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ»، «سېۋەت سېپىدىن بىلىنەر، باخشى دېپىدىن بىلىنەر»، «سېۋەتتە سۇ توختىماس»، «سېۋەت توشقاندا تېزەك ئۇچرايتۇ»، «سېۋەتكە سۇ ئۇسسۇپتۇ»، «سودىگەر مال تاللايدۇ، سېۋەتچى تال تاللايدۇ» دېگەندەك ماقال ـ تەمسىللەر بار. سېۋەتنىڭ نان سېۋىتى، باققال سېۋىتى، ئۈجمە سېۋىتى، ئۈزۈم سېۋىتى، پۇلۇق سېۋەت، كۈۋۈك سېۋەت، كۆشۈك سېۋەت دېگەن تۈرلىرى بار.

يۇمىلاق سېۋەت: سىلىق، سىپتا چىۋىقلار ئۈزۈن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش قىلىنىپ راسلىنىپ، ئاندىن تۆت تېلى بىر قىلىنىپ، تەكشى تىزىلىپ، قارمۇ قارشىلاشتۇرۇلۇپ، ئاندىن چىۋىقلارنى بىر ـ بىرلەپ ئاستىن ـ ئۈستۈن ئالماشتۇرۇلۇش ئۇسۇلى بويىچە توقۇلىدۇ. ئاندىن يانتۇ چىۋىقلار تىكلىنىپ، ئاستى تەرىپى بوغۇلۇپ يۇمىلاق شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. چىۋىقلار ئالماشتۇرۇلۇپ گىرەلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق يۇمىلاق سېۋەتنىڭ گىرۋەكلىرى شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. بۇنداق سېۋەتلەر ئادەتتە مېۋە ـ چېۋە يىغىش، يۆتكەش ۋە قىسمەن ئورۇنلاردا كۆز كۆنلىرى قوناق ئۈزۈشكە ئىشلىتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



بادام سېۋەت: توقۇلۇشى ۋە ماتېرىيالى يۇمىلاق سېۋەتنىڭكىگە ئوخشاش، بىراق شەكلى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. بادام سېۋەتنىڭ ھەجمى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇ خاس قۇرۇتۇلغان مېۋە - چېۋىلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. بادام سېۋەت ئادەتتە غوللۇقراق چىۋىقلاردىن توقۇلىدىغان بولغاچقا، چىداش مۇددىتى ئۇزاق بولىدۇ. بۇنداق بادام سېۋەت ھېلىمۇ بەزى يېزا - قىشلاقلاردا ئۇچرايدۇ.

نان سېۋىتى: نان سېۋىتىنىڭ توقۇلۇشى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئايرىم تۇتقۇچ چىقىرىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ ياپقۇچى بولىدۇ. ئىچىگە نان سېلىنغاندىن كېيىن ياپقۇچى يېپىلىپ، ئېگىز جايغا ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئادەتتە سېۋەتتىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، نان ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ ھەم چاشقان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ناننى بۇلغىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ھازىر بۇنداق سېۋەتكە نان سېلىپ قويىدىغان ئىشلار يېزا - قىشلاقلاردىمۇ كەم ئۇچرايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

ئاياغ سېۋىتى: ئاياغ ياغاچتىن ئويۇپ ۋە قىرىپ ياسىلىدىغان، ئىچى چوڭقۇرراق كەلگەن گىرۋەكلىك چوڭ - كىچىك قاچىلارنى كۆرسىتىدۇ. ئاياغلار ياسىلىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ چوڭ گىرۋەكلىك، ئارا گىرۋەكلىك ۋە كىچىك گىرۋەكلىك ۋە گىرۋەكسىز ئاياغ دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسەن ياڭاق، چىلان، قارا سۆگەت، ئۆرۈك، تاغ تېرىكى، كىگىز تېرەك، توغراق، قېيىن، جىگدە، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ ياغاچلىرىنى يونۇش، چېپىش ئارقىلىق يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئىچى - تېشى سىيلىق - سىپتا قىرىلىپ ياسىلىدۇ. ياغاچ ئاياغ تەبىئىي، زىيانسىز مەھسۇلات بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىز خېلى بۇرۇنلا ياغاچ ئاياغلارنى ياساپ يېمەك - ئىچمەك ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن. خەلقىمىز تۆشۈك ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن ياغاچ ئاياغلاردىن پىلتىدان، تەلەڭگە، تاماق قاچىسى، تەڭنە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا «قازانغا چۆمۈچ، ئاياغقا قوشۇق»، «سىرلىسالىڭ سىرلىق ئاياغ، سىرلىمىساڭ ئىتقا يالاق»، «ئاياغتىكى قېتىقنى، چىلاپ يەيمەن دامىنى، يارىم قاچان بىلەركىن، ياخشى بىلەن يامانىنى»، «ئاياغتىكى قېتىقنى، چېپىن قىلىپ ئىچەملا، تايىنى يوق ئىشنى دەپ، شېرىن جاندىن كېچەملا» دېگەن ماقال ۋە قوشاقلار بار. ئاياغنىڭ ھاڭگا ئاياغ «ھاڭگا تېرەكنىڭ ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان ئاياغ»نى كۆرسىتىدۇ. دۆشە ئاياغ «ياغاچ كۆتىكىدىن ئوتتۇرىسىغا دۆشە چىقىرىلىپ ياسالغان ئالاھىدە بىر خىل ئاياغ تۈرىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئاياغ سېۋىتىنىڭ توقۇلۇشى، خام ماتېرىيالى ۋە شەكلى ئادەتتىكى يۇمىلاق سېۋەتكە ئوخشايدۇ. بىراق ئىشلىتىلىشى ئوخشىمايدۇ. بۇ سېۋەتنىڭ تۆت تەرىپىگە شوينا يىپ بېكىتىلىپ ئېگىز يەرگە ئېسىپ قويۇلىدۇ، شۇڭا بۇ سېۋەتكە سېلىپ قويۇلغان قاچا - قۇچىلار ناھايىتى پاكىز ۋە ئەمىنچىلىك بولىدۇ.

پۇلۇق سېۋەت: باققال سېۋىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سېۋەتنىڭ توقۇلۇشى ۋە كېتىدىغان ماتېرىيالى باشقا سېۋەتلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ، بىراق شەكلى ئوخشىمايدۇ. پۇلۇق سېۋەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى تۆت چاسا شەكىلدە بولۇپ، تۆت تەرىپىگە ئۆزىدىن تۆت تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. يەنە بىر خىلى ئېللىپس شەكىلدە سوزۇنچاق بولۇپ، ئىككى باش تەرىپىدىن ئۆزىدىن تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. بۇنداق سېۋەتلەردە ئاساسەن ھۆل مېۋە يۆتكەش ئىشلىرى قىلىنىدۇ. پۇلۇق سېۋەتنىڭ تۆت تەرىپىگە تۆت تۇتقۇچ چىقارغىلى بولغاچقا، بۇ سېۋەتنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئادەم كۆتۈرۈشكە ئەپلىك بولغاچقا، باغۋەنلەر كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

ئۈجمە سېۋىتى: ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۈجمىنىڭ قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. خەلقىمىز ئۈجمە دەرىخىنى ساخاۋەت دەرىخى دەپمۇ ئاتايدۇ، ئۈجمە دەرىخىدىن پايدىلىنىپ پىلە بېقىپ يىپەك ئىشلەپچىقارغان. بۇ ئەنئەنە ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈجمە ئەزەلدىن دەرۋازا ئالدىغا، كۆل بويلىرىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئەركىن پايدىلىنالايدۇ، چەكلەنمەيدۇ. ئۈجمە تۇنجى قېتىم پىشىدىغان مېۋە بولغاچقا، ئۇ ياز بولغانلىقنىڭ ئەلچىسى دەپ قارىلىدۇ. ئۈجمىنىڭ مېۋىسى مىجەزنى تەڭشەيدۇ، قاننى تازىلايدۇ.

ئۈجمە يول بويلىرىغىمۇ تىكىلگەچكە يىراق سەپەرلەردىن
ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن يولۇچىلار سايىسىدا ئولتۇرۇپ
ئارام ئالىدۇ. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياغىچىمۇ خەلقىمىز ئەتە-
ۋارلايدىغان ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەنئەنىۋى چالغۇ
ئەسۋابلار ياسىلىپلا قالماي، بەلكى ئۈجمە ياغىچىدىن يا-
سالغان ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ ئىنتايىن سىپتا ۋە كۆركەم
چىقىدۇ. ئۈجمىنىڭ قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە ۋە چىقىر
ئۈجمە دېگەن تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدۇ.
ئۇنىڭ مېۋىسىنى تېرىش، يۆتكەش ئىشلىرى ئۈچۈن ناھا-
يىتى ئەپچىل، چاققان ۋە چىرايلىق توقۇلغان سېۋەت
ئىشلىتىلگەن.

ئۈزۈم سېۋىتى: ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاش-
لايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالقانس-
مان يېرىلغان، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ،
كىچىك ۋە سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، مېۋىسى يۇملاق
ياكى ئېللىپس شەكىللىك، پىشقان چاغدا سۆسۈن ياكى
سارغۇچ يېشىل رەڭدا بولىدۇ. تەمى تاتلىق، سۇلۇق،
ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ ھەمدە ھاراق ئېچىتىشقا خام
ئەشيا قىلىنىدۇ. ئۈزۈم كىشىلەر ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ
يېيىشلىك مېۋىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، دىيارىمىزدا باغلاردا
ۋە ھەر بىر ئائىلە قورۇلىرىدا دېگۈدەك پەرۋىش قىلىنىپ
ئۆستۈرۈلىدۇ. ياز پەسلىدە ئۈزۈم تېلى بار قورۇلار يې-
شىللىققا پۈركۈنۈپ، چىرايلىق مەنزىرە ھاسىل قىلىدۇ.
ئۈزۈم ئۆزىدىكى ئالاھىدە خاس خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاسا-
سەن ئىلگىرى - كېيىن يېتىلىدۇ. ئايرىم سورتلىرىنىڭ مېۋە-
لىرى قىشچە ساقلىنىدۇ ياكى باشقا جايلارغا توشۇپ سېتى-
لىدۇ. ئۈزۈم سېۋىتىنىڭ تۈۋلۈكى تارراق، ئۈستى
كەڭرەك توقۇلۇپ، ئۆزىدىن ئۈزۈن ئايلانما باغ چىقىرى-
لىدۇ. ئۈزۈمچىلەر ئۈزۈم كېسىدىغان ۋاقىتلاردا سېۋەت
بېغىدىن پارالىڭ (قالىق، بىدىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ مۇۋا-
پىق يېرىگە ئېسىپ قويۇپ، سايىقىدىن كېسىلگەن ئۈزۈم-
لەرنى سېلىپ، سېۋەت توشقاندا، شۇ پېتى ئەكىرىپ چۆن-
چىلەرگە ئاسىدۇ.

كۆۋۈك سېۋەت: بۇ مەخسۇس كەپتەرلەرگە ئۇۋا
ياساپ بېرىش ئۈچۈن ئۈجمە، تېرەك، ئانار، يۇلغۇن،
توغراق قاتارلىقلارنىڭ تېلىدىن توقۇلىدىغان سېۋەت
بولۇپ، شەكلى يۇملاق، ئىچى چوڭقۇرراق بولىدۇ.

كۆشۈك سېۋەت: دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرۇ-
لىدىغان ھايۋانلارنىڭ ئاشلىقنى بىھۇدە يەپ كېتىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن ھايۋانلارنىڭ تۇمشۇقىغا كىيدۈرۈپ
قويۇش ئۈچۈن ھايۋانلار تۇمشۇق شارائىتىنى چىقىش
قىلىپ توقۇلغان سېۋەتتىن ئىبارەت، بۇ سېۋەت ھايۋانلار-
نىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىنى بىھودە يەپ بۇزۇۋېتىشىنىڭ
مۇھىمى ھايۋان شۆلگەيلىرىنىڭ ئاشلىقنى بۇلغىۋەتمەسلىك-
نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

كۆۋۈك سېۋەت بىلەن كۆشۈك سېۋەتنىڭ توقۇلۇشى
مۇرەككەپ بولمايدۇ. ماتېرىيالىمۇ بەك تاللىنىپ كەتمەي-
دۇ، چىۋىقلاردىن تۇمشۇق ۋە ئۇۋا شەكلىنى چىقىرىپ تو-
قۇلسىلا بولىدۇ.

**سېۋەت توقۇشنىڭ جەريان ۋە قەدەم-باسقۇچلىرى**

ئالدى بىلەن توغراق، سۆگەت، ئۈجمە، يۇلغۇن ۋە
تال قاتارلىقلاردىن چىۋىق كېسىۋېلىنىدۇ. كېسىۋېلىنغان چە-
ۋىقلار ئۇزۇن - قىسقىلىقى بويىچە تاللىنىپ ئايرىلىدۇ.
ئاندىن توقۇماقچى بولغان سېۋەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى
ئالدىن پىلانلىۋېلىپ شۇنىڭغا قارىتا سېۋەتنىڭ تۈۋى سېلىنى-
دۇ. (سېۋەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن سېۋەتنىڭ
تۈۋىنى سېلىش ئۈچۈن سېلىنىدىغان چىۋىق سانى ئوخشى-
مايدۇ. ئادەتتە 16 تال، 20 تال، 24 تال چىۋىق ئىشلىتىلى-
دۇ) بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئالتە تال چىۋىقنى ئېلىپ، بىرد-
نىڭ بېشىنى، يەنە بىرىنىڭ ئۇچىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ
رەتلەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى ئالتە تال چىۋىقنىڭ باش-
ئۇچلىرى كىرىشتۈرۈلىدۇ. سېۋەت تۈۋىنى سېلىش ئۈچۈن
جەمئىي 24 تال چىۋىق كېتىدۇ. ھەر بىر چىۋىقنىڭ ئىككىدىن
جەمئىي 48 تال ئۇچى بولىدۇ. بۇنىڭدا جەمئىي سەككىز
غول بولىدۇ. چىۋىقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىنچىكە، ئەڭ
ئۇزۇن ئۈچ تال چىۋىقنى بىرلەشتۈرۈپ، سېۋەت تۈۋىدى-
كى ئاساسىي غول قىلىنغان چىۋىقلارنى ئالماپ ئىككى
ياكى ئۈچ ئايلاندۇرۇپ چىقىرىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن غول
قىلىنغان چىۋىقلار بىر - بىرى بىلەن مەھكەم چىرمىشىدۇ -
دە، سېۋەت تۈۋىدىكى چىۋىقلار مۇستەھكەم تۇرالايدۇ.
سېۋەت تۈۋىنى كېڭەيتىشتە، 1- قەدەمدە ئۈچ تال چىۋىق
ئېلىپ، دەسلەپتە سانچىلغان ئۈچ تال چىۋىقنىڭ باشلىنىش
نۇقتىسىغا قارمۇ قارشى ھالدا سانجىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا
قارمۇ قارشى قىلىپ بىر غولنىڭ ئالدىدىن، بىر غولنىڭ

كەينىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بىر ئايلاندۇرۇلىدۇ. 3 ـ قەدەمدە ئىككى تال چۈپقىنى يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەككىز غول مۇستەھكەملىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە سېۋەت تۈۋى ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن تەرتىپ بويىچە چۈپىق سانجىلىپ، توقۇپ كەلگەن جايدىن باشلاپ قوشنا ئىككى غولنىڭ ئارىسىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى تال چۈپىق سانجىلىپ، بىرى ھەر بىر غولنىڭ ئالدىدىن، يەنە بىرى غولنىڭ كەينىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىككى چۈپىق ھەر بىر غولنى بىر قېتىم يۆگەپ چىقىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت غوللارنى كۆپەيتىش جەريانىدا ئارىلىقلىرىنىڭ كەڭ، تار بولۇپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە توقۇپ، سېۋەتنىڭ تۈۋى ئۆزى توقۇشنى ئالدىن پىلانلىغان سېۋەتنىڭ چوڭلۇقىغا يەتكۈزۈلىدۇ. سېۋەت تۈۋى پۈتكەندىن كېيىن، سېۋەت تۈۋىدىكى چىقىپ قالغان چۈپىق ئۇچلىرى قايچا بىلەن كېسىپ ئېلىۋېتىلىپ، سېۋەت تۈۋى تەكشىلىنىدۇ. ئاندىن ئىككى تال چۈپقىنى غوللارغا ئالماشتۇرۇپ توقۇپ، غوللارنى قايتا مۇستەھكەملەيدۇ، سېۋەت بېغىنى مۇۋاپىق ئورنىتىدۇ. سېۋەت بېغىنى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، توقۇش باشتىكى تەرتىپ بويىچە داۋام قىلىدۇ. يەنى ئىككى تال چۈپىق ئېلىنىپ، بىرى غولنىڭ كەينىدىن تەرتىپ بويىچە ئۆتكۈزۈلۈپ توقۇلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ئىككى چۈپىق ھەر بىر غولنى ھەمدە باغنى بىر قېتىم يۆگەپ چىقىدۇ، يەنى سېۋەت بېغى غولنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ توقۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن باغ سېۋەت تېگىگە مۇستەھكەم باغلىنىدۇ. ئاندىن بىر تال چۈپىق ئېلىنىپ، تەرتىپ بويىچە توقۇلۇپ كەلگەن غولغا سانجىلىپ توقۇش باشلىنىدۇ. شۇ بويىچە ئىزچىل توقۇپ، ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان سېۋەت ئېگىزلىكىگە بەش ـ ئالتە سانتىمېتىر قالغاندا توختايدۇ. سېۋەتنىڭ ئاغزىنى يىغىشتا، ئالدى بىلەن 48 تال يوغان ئۇچ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدا سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ تۇرغانلىرى شۇ بويىچە قالدۇرۇلىدۇ. ئەگەر بەزى يوغان ئۇچلار سېۋەت ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنى كېسىپ ئېلىۋېتىپ، سېۋەت ئېگىزلىكى بىلەن تەڭ قالدۇرۇلىدۇ.

دەل ـ دەرەخ تېلىدىن توقۇلىدىغان تۈرلۈك تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بۇيۇملىرىنىڭ ماتېرىيال ئەشيالىرىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان ـ جابدۇقلاردىن كىچىك چوت، قىيدامچى، چاتقۇچ، ئورغاق، قايچا ۋە پىچاقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

كىچىك چوت: كىچىك چوت خۇددى چوڭ چوتقا ئوخشاشلا چوت دەستىسى، چوت بېسى، چوت چولدىسى، چوت كوزىسى ۋە چوت يۈزلۈكىدىن ئىبارەت بەش تەركىبتىن تۈزۈلىدۇ. چوت دەستىسى 40 سانتىمېتىر، چوت بېسىنىڭ كەڭلىكى يەتتە سانتىمېتىر، چوت يۈزىنىڭ ئاستى تەرىپى يەتتە سانتىمېتىر، ئۈستى تەرىپى تۆت سانتىمېتىر، چوت چولدىسى ئۇزۇنلۇقى يەتتە سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئىككىدىن تۆت سانتىمېتىرغىچە، چوت كوزىسىنىڭ ئايلانمىسى ئون سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئاساسەن ياغاچ ماتېرىياللىرىنى چېپىش، ئويۇش، ياغاچلارنىڭ كىچىكرەك پۇتاقلىرىنى ئېلىش شۇنداقلا ئۇزۇن ـ قىسقا تاللارنى تەكشىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

قىيدامچى: دەرەخ شاخلىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر تەرىپى پالتا شەكىللىك كەكىنى كۆرسىتىدۇ.

چاتقۇچ: بىر تەرىپى ئورغاق شەكلىدە تېگىگە ئېگىشكەن، بىر تەرىپى تىك چوت ياكى پالتا شەكلىدە ئۇستىگە قارىتىلغان شاخلىتىپ ياسالغان دەل ـ دەرەخ پۇتاش جابدۇقى بولۇپ، مۇئەييەن ئۇزۇنلۇق ۋە تومۇلۇقتىكى ياغاچتا سەپلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئادەتتە شاخ چاتقۇچ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاساسەن چىققىلى بولمايدىغان دەرەخ شاخلىرىنىڭ تاللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئورغاق: دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلارنى ئورۇش ئۈچۈن مېتالدىن ھىلال ئاي شەكلىدە تىغ چىقىرىلىپ ياسالغان دەستىلىك سايمان بولۇپ، ئورغاق دەستىسى، ئورغاق بوينى، ئورغاق بېسى، ئورغاق چولدىسى ۋە ئورغاق ئۇچىدىن تەركىبلىنىدۇ. ئادەتتە دەل ـ دەرەخلەردىن تال كېسىش ۋە قومۇش ئورۇشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن» دېگەن ماقال بار.

قايچا: رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نېپىز نەرسەلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ئادەتتە ئىككى دانە تۈتقۇلۇق چىقىرىلغان پولات تىغنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن ئورنىنى ياندۇرما مىخ بىلەن ھەرىكەتچان ھالەتتە مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن

ياسىلىدۇ. قايچىنىڭ ئۇزۇن دەستىلىك، قىسقا بىسلىق قايچا ۋە قىسقا دەستىلىك، ئۇزۇن بىسلىق قايچا دېگەن تۈرلىرى بار. تال كېسىش ئىشلىرىدا ئۇزۇن دەستىلىك، قىسقا بىسلىق قايچا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئادەتتە ئورمان قايچىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئورمان قايچىسى تال توقۇلما ئەشيالىرى بولغان چوڭلۇقلارنىڭ دەرەخ غولىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا كېسىپ ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

پىچاق: ئاساسەن تۆمۈر، پولات قاتارلىق مېتاللار بىلەن مەخسۇس تۆمۈرچىلەر تەرىپىدىن سوقۇپ ياسىلىدۇ. پىچاق پىچاق بىسى، پىچاق دەستىسى، پىچاق يۈزلۈكى ۋە پىچاق ئارقىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. پىچاقنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورنى بولىدۇ. تال توقۇلما بۇيۇملىرىنى توقۇش ئىشلىرىدا پىچاق توقۇلۇۋاتقان بۇيۇمغا كېتىدىغان چوڭلۇقلارنىڭ ئارتۇق ئورۇنلىرىنى كېسىپ چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان دەل - دەرەخ تاللىرىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىنچىكە ۋە ئۇزۇنلىرىدىن زەمبىل، چۇراڭ، سېۋەت، چويلا، سۆرەم، قوشام، قوشۇقلۇق، بادىڭ ۋە رېپىدە تەگلىكى قاتارلىق تال توقۇلما بۇيۇملىرى ھەم تۆشۈك جابدۇقلىرىنى توقۇپ، ئۇنى تۇرمۇش ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئىشلىتىش بىلەن بىللە، يۇقىرىقى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئارتۇق پۇتاق شاخلىرىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا پۇتاپ، دەرەخلەرنىڭ باراقسان ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈپ تەبىئەتنىڭ يېشىللىنىشى ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشقان. دېمەك، خەلقىمىز دەل - دەرەخلەردىن ماتېرىياللىق تال ئالغاندا تالنىڭ پىشىدىغان ۋاقتىنى توغرا مۆلچەرلەپ، ئاساسەن كۆز پەسلىدە ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان، شۇنداقلا تولۇقلاش، تولۇقلاش، تولۇقلاش...

بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئۆي سېلىنىدىغان ئورۇننى كۆكەرتىدىغان ئادەت بار. يەنى ئۆي سېلىنىدىغان ئۆينىڭ ئورنى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەتراپىنى تۈزلەپ، قىرىم ئېلىپ، سۈيىگە قاندۇرۇپ ئوسا قىلىپ، شۇ يەرنىڭ تۇپراق شارائىتىغا ماس كېلىدىغان مېۋىلىك ۋە مېۋىسىز دەل - دەرەخلەر ۋە گۈل - گىياھلار تىكىلىدۇ، ئۆينىڭ ئالدى سەيناسىغا ئۈزۈم تېلى قويۇلىدۇ، مۇۋاپىق ئورنىغا مېۋىلىك دەرەخلەر تىكىلىپ باغ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ ئۈچ يىل ئىچىدىلا، يېڭى سېلىنغان ئۆي ئەتراپى كۆركەم بوستانلىق ھاسىل قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشتا مۇنداق بىر ئىرىملىق ئادەت شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتلىرىگە ئاتاپ دەل - دەرەخ قويۇش ئادىتىنى كۆرسىتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ بۇ خىل مۇھىت ۋە ئېكولوگىيە ئېڭىنى ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى بەلگىلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

## قومۇش توقۇلما بۇيۇملىرى

قومۇش توقۇلما بۇيۇملىرى ئاساسەن قومۇشنى ماتېرىيال قىلىدۇ. قومۇشتىن بورا، بورا بادىڭ، تەمە قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى توقۇلىدۇ.

قومۇش: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە، غولىنىڭ ئىچى كاۋاك بولىدۇ. كۆپىنچە قارا سۇلۇق كۆللەردە ۋە سۈيى ئەلۋەك ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. قومۇش سۈپىتىگە قاراپ، بورا قومۇشى ۋە چاتقال قومۇش دەپ تۈرگە ئايرىلىدۇ. بورا قومۇشىدىن ئاساسەن بورا، بورا بادىڭ ۋە تەمە توقۇلىدۇ. چاتقال قومۇش ئۆي ئۈستى، ئېغىل - قوتان ئۈستىنى يېپىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا يېقىلغۇ قىلىدىغان ۋە زامانىۋى تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ قەغەز ياساش ماتېرىيالىمۇ قىلىنىدۇ. «قومۇش باش كۆتۈردى بورىيا بولدى»، «قومۇشنى قىيا تۇتساڭ قولۇڭنى كېسەر»، «قومۇش ئۆيۈم، كۆمۈش ئۆيۈم»، «خوتۇنغا ئىشەنمە، قومۇشقا يۆلەنمە»، «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، يىگىتنى نومۇس ئۆلتۈرەر»، «تەكەببۇر كىشى قومۇش پۆپىكى، كەمتەر كىشى ئالتۇن كېپىكى»، «قومۇش ئىككەن دەپ خارلىما، يەرگە چۈشسە بورا بولار»، «يامانغا قوشنا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولساڭ سۇغۇرۇپ قالايدۇ قومۇشنى، ياخشىغا قوشنا بولساڭ چىقىپ قويار بوشنى»، «جانلىقتىن بىلىق يوغان، جانسىزدىن قومۇش يوغان» دېگەن ماقال - تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

بورا: قوۋزاق ۋە يۇپەكلىرى ئادالىنىپ يېرىلىپ يادىجىلغان قومۇشتىن توقۇلىدىغان توقۇلما بۇيۇمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسەن ئۆي ئۇستىنى يېپىش، كىگىز تېگىگە سېلىش، چەللە - باراڭ ئەتراپىنى توراش ۋە يېپىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. «بورا گىلەمنى سۆرەپتۇ»، «يېڭىنى ئايىغان كونا، كىگىزنى ئايىغان بورا»، «بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام، باغلىقى يوق، باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام، ياغلىقى يوق»، «بۇرۇن بولساڭ بورىدا ياتسەن» دېگەن ماقال - تەمسىللەر بار.

بورا توقۇشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى تۈپ دەسسەش، توقۇش، چەت - چۆرىسىنى ئېتىش ۋە قۇلاق باغلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقايسى باسقۇچلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بەلگىلىك قانۇنىيىتى بولىدۇ.

تەمە: خىللانغان قومۇش ياكى دەرەخ تاللىرىنى بىر - بىرىگە قانۇنىيەتلىك باغلاش ئارقىلىق چاسا ياكى ئېللىپىس شەكلىدە توقۇلىدىغان ئۆرە چەللىدىن ئىبارەت. «گۈل تېرىدىم باھاردا، ياماشتۇرۇپ تەمىگە، ھەيران قالسۇن خالايىق، سەن يارىمنىڭ پەمىگە» دېگەن قوشاق ئومۇملاشقان، تەمە جۈپ تەمە ۋە يالاڭ تەمە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ

جۈپ تەمە: ئىككى تالدىن جەمئىي ئالتە تال قومۇش ئۈچ بۆلەك قىلىنىپ، ھەر بىر بۆلەكنىڭ بىر - بىرىگە تەرتىپ چېتىپ باغلاش يولى بويىچە توقۇلىدۇ.

يالاڭ تەمە: بىر تالدىن جەمئىي ئۈچ تالدىن قومۇش ئۈچ بۆلەك قىلىنىپ، ھەر بىر بۆلەكنىڭ بىر - بىرىگە تەرتىپلىك چېتىپ باغلاش يولى بويىچە توقۇلىدۇ.

قومۇشتىن بورا توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قومۇشنى ئىشلىتىش ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئورغاق، يارغا، ئاقلىغۇچ ۋە ياغىچاق قاتارلىق سايمان - جابدۇقلار ئىشلىتىلىدۇ.

قومۇش قالپاق: خەلقىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىي ياشاش جەريانىدا يەنە قومۇش پايزىسىدىن قالپاق توقۇپ كىيگەن. قالپاق چۆرىسى قاسقانلىق بىر خىل ئاددىي باش كىيىمى بولۇپ، يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى سەپەر ياكى ئېتىز ئىشلىرى مەشغۇلاتى ئېلىپ بارغاندا پىژغىرىم ئىسسىقنىڭ بېشىدىن ئۆتۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قومۇشتىن توقۇلغان قالپاق كىيىپ، باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن پەيدا بولىدىغان باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، بۇرۇن قاناش، مېڭە خىزمىتى قالايمىقانلىشىش، كۆپ ئۇسساش، نېرۋا مەنبەلىك قۇسۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىر قىسىم كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغان. قومۇش پايزىسىدىن توقۇلغان قالپاقنى كىيۋالغاندا، كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى توسۇپ، باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قومۇش پايزىسىدىن توقۇلغان قالپاقتىن ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرغاچقا، باش تەرلەش، چاچ چۈشۈش، ئىسسىقتىن بولىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

يارغا: بورا توقۇلىدىغان قومۇشنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئون سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، كەكە سېپى تومۇلۇقىدىكى ياغاچنىڭ بويىغا ئوچۇق زاكرۇ تارتىپ ھاسىل قىلىنغان ئويمان ئوتتۇرىسىغا تۆمۈر تىغ بېكىتىلىپ ياسىلىدىغان قۇرۇلمىسى ئاددىي جابدۇقتىن ئىبارەت.

ئاقلىغۇچ: يۇلغۇن ياكى باشقا ياغاچتىن ياسالغان قىسقاچ شەكىللىك ئاددىي قۇرۇلمىلىق سايمان بولۇپ، بورا توقۇش ئۈچۈن يانچىلىپ تەييارلانغان قومۇشنى سىيلىقلاش ۋە قومۇش قوۋزاقلىرىنى ئادالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ياغىچاق: بورا توقۇش ئىشىدا قومۇش ئېزىشكە ئىشلىتىلىدىغان سايمان بولۇپ، ئاقلىغۇچ بىلەن پاكىز ئاقلىنىپ، يارغۇ ئارقىلىق بىر تەرىپى يېرىلىپ تەييارلانغان قومۇشنى ئېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچاقنىڭ ئىككى خىلى بولۇپ، بىرى سىلىندىر شەكلىدە ياسالغان تاشنىڭ ئىككى بېشىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى سېپتا ياسالغان ياغاچتىن دەستە بېكىتىلىپ، شۇ دەستىدىن پايدىلىنىپ ياغىچاقنى ئالدىغا ۋە ئارقىغا ماڭدۇرۇش ئارقىلىق قومۇش ئېزىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا، يارغۇنچاق تېشىغا ئوخشاش يۇملاق ياسالغان تاشنىڭ مەركىزىي قىسمىدىن تۆشۈك ئېچىلىپ،

سىپتا راسلانغان ياغاچتىن دەستە بېكىتىلىپ، بېكىتىلگەن دەستە ئارقىلىق تاشنى تىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، يۇمىلا-تىش ئارقىلىق قومۇش ئېزىلىدۇ.

## چىغ توقۇلما بۇيۇملىرى

خەلقىمىزنىڭ چىغ توقۇلما بۇيۇملىرى چىغنى ماتېرى-يال قىلىدۇ. چىغدىن چىغدان، چىغ بورا، چىغ سېۋەت قا-تارلىق تۇرمۇش ۋە ھۈنەر كەسىپ جابدۇقلىرى توقۇلىدۇ.

چىغ: باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تار ۋە ئۇزۇن بو-لىدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولۇپ، تاغ قاپتاللىرى، دۆڭ - يوتىلاردا ئۆسىدۇ. چىغدىن چىغدان، بورا، سېۋەت ۋە چىغ چورۇق، چىغ كەش توقۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

چىغدان: چىغدىن توقۇلغان پالاس. ئادەتتە ئالتە مې-تىردىن ئالتە يېرىم مېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا، ئىككى مېتىر-دىن، ئىككى مېتىر 20 سانتىمېتىرغىچە كەڭلىكتە بولىدىغان كەڭرىچىلىك جابدۇقى بولۇپ، ئاساسەن هويلا سۈپۈرگىلى-رىنى ياسايدىغان چىغدىن مۇئەييەن ھۈنەر تېخنىكا ياردى-مىدە توقۇلۇپ ياسىلىدۇ. كەڭرى بېسىش جەريانىدا دۆكان چىغىنىڭ رولى تولىمۇ چوڭ بولۇپ، ياسىلىش ئۇسۇلى ئالدى بىلەن قۇرۇتۇلۇپ پوست ۋە ساقاللىرى پاكىز ئادا-لانغان چىغ بىلەن ئۆچكە چوپۇردىن ئۇرچۇق يۇڭ ۋە پاختىدىن يىپ ئېگىرىش جابدۇقى بولۇپ، 30 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چىمچىلاق قول توملۇقىدىكى تاياقچىنىڭ تۆۋەنكى بېشىغا چوڭ چىنىنىڭ تەگلىكى چوڭلۇقىدا يۇملاق تاش دەل ئوتتۇرىسىدىن تېشىپ ئۆتكۈزۈلۈپ، يۇقىرىقى بېشىدىن كىچىك تۆشۈك ئېچىلىپ، ئېچىلغان تۆ-شۈككە سەرەڭگە تېلى چوڭلۇقىدىكى توغرا ياغاچ بېكىتى-لىپ ياسىلىدۇ»تا ئېگىرىلگەن شوينا يىپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن چىغ پالاس توقۇش دۆكىنى «ئۈچ مېتىر كەڭلىكتە ئىككى تال موما ياغاچ قادىلىپ، موما ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسى-دىن بىر تال سىپتا بادرا توغرىسىغا تارتىلىپ ياسىلىدىغان ئاددىي قۇرۇلما» ياسىلىپ، 18 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى 21 تال شوينا يىپ مۇئەييەن ئۆلچەم بويىچە پالاس توقۇش دۆكىنى-نىڭ توغرا بالدىقى ئۈستىگە ئۇزۇنسىغا ياتقۇزۇلۇپ سېلى-نىپ، ھەر بىر تال شوينا يىپنىڭ ئىككى ئۇچىغا مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى تاش ياكى كېسەك پارچىسى مۇقىم باغلىنىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ باسقۇچلار تاماملانغاندىن كېيىن راسلىنىپ تەق قىلىنغان چىغلار باش بارماق تومۇلۇقىدا تۇتاملىنىپ بېشى ئۇچىغە، تۈۋى سىرتىغا قارىتىلىپ قويۇلۇپ، شوينا يىپنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە تو-قۇلۇپ ياسىلىدۇ. چىغ پالاس توقۇشتا ئۆچكە چوپۇردىن ئۇرچۇقتا ئېگىرىلگەن شوينا يىپنى ئىشلەتكەندە، يۇڭ يىپ سۇدا چىڭىپ، چىغ پالاس سالپا بولۇۋالماي، كەڭرىنىڭ سۈ-پەتلىك بېسىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

چىغ بورا: چىغ بورا قومۇشتا توقۇلىدىغان بورىدىن تارراق توقۇلىدۇ. توقۇش ئۇسۇلى قومۇش بورا توقۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. كۆپىنچە يازلىق چايخانا ئۈستىگە يېپىلىدۇ. چېدىر ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى يۆگەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، كىگىز تېگىگە سېلىنىدىغان ياكى سې-لىنچا ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

چىغ سېۋەت: چىغ سېۋەت مېۋە - چېۋە، كۆكتات، ئاشلىق دانلىرىنى يۆتكەش ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلى-دىغان تۇرمۇش بۇيۇمىدۇر. توقۇش ئۇسۇلى چىغ پاكىز ئادالىنىپ زەي تۇپىغا كۆمۈلۈپ يۇمشىتىلىپ، ئارقان ئېشىش شەكلىدە گىرەلەشتۈرۈلۈپ شەكىل چىقىرىش ئۇ-سۇلى بويىچە دەرەخ تاللىرىدىن توقۇلغان سېۋەتكە ئوخشاش توقۇلىدۇ. گىرۋەكلىرى كەينىگە ياندۇرۇلۇپ، ئۇزۇنچاق ھالەتتە توقۇلۇپ، ئىككى باش قىسمىغا ئۇزۇ-دىن تۇتقۇچ چىقىرىلىدۇ. چىغ سېۋەتنىڭ توقۇلۇشى سىپتا، كۆرۈنۈشى كۆركەم بولۇپ، ئۆيلەرگە قويۇپ قويسا، ئۆيگە زىننەت ئاتا قىلىدۇ. چىغ سېۋەتتىن شامال ئۆتۈ-شۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ساقلانغان يېمەكلىك-لەر ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

چىغ چورۇق: چىغنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىپ توقۇش يولى بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر خىل يازلىق ئا-ياغتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، چىغ چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دېگەن ماقال خەلقىمىزنىڭ چىغدىن ئاياغ كىيىم توقۇپ كىيگەنلىكىنى دەلىللىك ئىسپاتلايدۇ. بەزىلەر «ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما» دەپمۇ ئىشلىتىدۇ. شىرە يېڭى سويۇلغان ھايۋاننىڭ ھۆل تېرىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بولۇپ، بۇنىڭدىن تەييارلانغان چورۇق «شىرە چورۇق» دېيىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

چىغ قالپاق: چىغدىن چۆرىسى قاسقانلىق قىلىپ توقۇلىدىغان بىر خىل باش كىيىمى بولۇپ، ئاساسەن يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىدا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىيىلىدۇ.

چىغ كەش: چىغ ۋە شال پاخلى قاتارلىقلاردا توقۇلىدىغان كەشتىن ئىبارەت.

### يېكەن توقۇلما بۇيۇملىرى

يېكەن توقۇلما بۇيۇملىرى يېكەننى ماتېرىيال قىلىدۇ، يېكەندىن يېكەن بورىسى، يەلپۈگۈچ، يېكەن سېلىنچىسى قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى توقۇلىدۇ.

يېكەن: يېكەن ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، سۇدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈل رېتى ئوقنىڭ ئۇستى تەرىپىدە ئانىلىق گۈللىرى بولىدۇ. ئانىلىق گۈللىرى زىچ تۈپلىشىپ ئۆسۈپ شام شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. پىشقاندا توزغاق چىقىرىدۇ. بۇ يېكەن توزغىقى دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى يېكەننىڭ ئانىلىق گۈل باشقى ئۇستىدىن ئۆسۈپ چىققان ئاق رەڭلىك تۈۋت بولۇپ، ياستۇق قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يېكەن توزغىقىدىن قىلىنغان ياستۇقنىڭ شىپالىق رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇزاق يىل ئىشلەتكەندە مېڭە قان تومۇرلىرىنىڭ توسۇلۇشىدىن بولىدىغان تۈرلۈك باش ئاغرىش كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يېكەننىڭ گۈل چېچىكى قان توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقىدىن بورا، يەلپۈگۈچ، يېكەن سېلىنچىسى توقۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

يېكەن بورىسى: يېكەن بورىسى مەخسۇس يېكەن يوپۇرمىقىدىن بورا توقۇش قائىدىسى بويىچە توقۇلىدىغان، قومۇش بورىسىغا قارىغاندا ھەجمى كىچىكرەك بورا تۈرى بولۇپ، ئاساسەن ئائىلىلەردە كىگىز تېگىگە سېلىنىپ ياكى كىچىكرەك لاپاسلارنىڭ ئۈستىنى يېپىش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

يەلپۈگۈچ: يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە سەگدەش ۋە شامالداش ئۈچۈن قۇشلارنىڭ پېيىدىن ياكى يېكەن يوپۇرمىقىدىن ياسالغان، قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق شامال چىقىرىپ سالقىنلاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىغان سەگدەش سايمىنى بولۇپ، يەلپۈگۈچ ئىشلىتىش خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. خەلقىمىزدە «ئۆز قىزىغا ئىلەڭگۈچ، يېتىم قىزغا يەلپۈگۈچ»، «قەمبەرخانىم، قەمبەرخانىم، يەلپۈپ قويايمۇ، يەلپۈگۈچنىڭ سايىسىدا، سۆيۈپ قويايمۇ؟» دېگەندەك ماقال ۋە ناخشىلار خېلى كەڭ تارقالغان.

يېكەن سېلىنچىسى: يېكەننىڭ يوپۇرمىقىدىن توقۇلغان قېلىن ھەم يۇمىلاق كەلگەن سېلىنچا، ئائىلىلەردە تېگىگە سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

نۆۋەتتە شۇنىمۇ ئەسكەرتىش زۆرۈر دەپ قارايمىزكى، خەلقىمىز يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن دەل - دەرەخ، چىغ، قومۇش ۋە يېكەن قاتارلىقلارنىڭ مۇۋاپىق تەركىبلىرىدىن تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك سايمان - جابدۇقلارنى توقۇپ، ئۆسۈملۈك مەنبەلىك توقۇلما قول ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى يارىتىپلا قالماستىن، يەنە قىزىل تال، بوراقىياق، كەندىر، چىغ، شال پاخالى قاتارلىق ئۆسۈملۈك تەركىبلىرىدىن تال ئارقان، قىياق بورا، كاناپ، كۆلا، كۆشۈك، لاخسا، چىتەن قاتارلىق ئەشمە بۇيۇملارنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرگەن.

تال ئارقان: ئارقان پاختا، يۇڭ، تاسما، چىگە، تال ۋە ھەر خىل تەبىئىي تالالاردىن ئېشىش يولى ئارقىلىق ئىنچىكە ئۇزۇن قىلىپ تەييارلىنىدىغان ئۇنىۋېرسال ئىشلىتىش رولىغا ئىگە تانا بولۇپ، ئىشلىتىلگەن ماتېرىيالىغا قاراپ تاسما ئارقان، قىل ئارقان، يۇڭ ئارقان، پاختا ئارقان، كەندىر ئارقان ۋە تال ئارقان دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. يۇڭ، پاختا، تاسما ۋە چىگىدىن ئېشىلگەن ئارقانلار ئات ئارقانداش، ھارۋىغا ئېگىز قىلىپ بېسىلغان زىرائەت پاخاللىرىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىش، كۆندۈرۈلمىگەن ئاساۋ ماللارنى تۇتۇش ئۈچۈن سالما قىلىش، ئائىلىلەردە كىر يۇغاندا تارتىپ كىر قۇرۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. تال ئارقان تالنىڭ كۆن نۇرىدا پىشقان

ئۈششاق، ئەۋرىشىم چىۋىقلىرىدىن ئېشىپ تەييارلىنىدىغان يەنە ئارقان تۈرى بولۇپ، تال ئارقان ئاساسەن سالچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن. سالچىلىق دەريا - ئېقىنلاردا ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سال قىلىپ ئېقىتىپ تۆۋەنكى ئېقىنغا توشۇيدىغان خەتەرلىك كەسىپلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قاتناش ئەسلىھەلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ئەينى دەۋردە دىيارىمىزنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىدە ئاساسىي تەمىنلەش رولىنى ئۆتەپ دىيارىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. سالچىلىق ئۆتمۈشكە، ئەسلىمىگە ئايلاندى، ھەتتا كىشلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى ئەسىردىكى ئۆسمۈر بالىلارغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي يوچۇن نەرسە بولۇپ قالدى. سال چوڭ - كىچىكلىكى، ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوخشاش ياغاچلارنى تەق قىلىپ، ياغاچ چوڭ بولسا بىر سالغا يەتتە - سەككىز تال، كىچىكرەك بولسا ئون نەچچە تال ياغاچ بىر قىلىپ باغلىنىدۇ. ياغاچلارنىڭ ئىككى بېشىدىن بىر سوپامچە (غېرىشچە) ئورۇن قالدۇرۇپ ئۇچكە ياكى پالتا بىلەن تۆشۈك تېشىلىدۇ. بۇنى سالچىلار «بۇرۇنلۇق تەشتۇق» دەيدۇ. ئاندىن ياغاچلارنىڭ ئىنچىكە تەرىپى ئالدىغا يوغان تەرىپى كەينىگە قىلىنىپ (بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب سالنىڭ ئالدى يېنىك كەينى ئېغىر بولسا سۇدا راۋان ماڭىدۇ.) قىزىل تالدىن ئېشىپ ياسالغان ئارقاننى ياغاچنىڭ ھېلىقى بۇرۇنلۇق تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ مەھكەم باغلىنىدۇ. بۇ سالنىڭ «ئۇلتاڭ قىسمى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلتاڭ قىسمى پۈتكەندىن كېيىن، ئۇلتاڭنىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى باستۇرما ياغاچنىڭ ئاستى ئازراق تۈزلىنىپ توغرىسىغا قويۇلىدۇ. بۇ «باستۇرما» دەپ ئاتىلىدۇ. باستۇرما ياغاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۇلتاڭنىڭ كەڭلىكى بىلەن تەڭ بولىدۇ. باستۇرما ياغاچمۇ تال ئارقان بىلەن ئاستىدىكى ئۇلتاڭنىڭ ياغاچلىرىغا مەھكەم باغلىنىدۇ. باش تەرەپتىكى باستۇرما «باش لاڭتۇ»، ئاياغ تەرىپىدىكى باستۇرما «ئاياغ لاڭتۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. باش لاڭتۇ بىلەن ئاياغ لاڭتۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇزۇنلۇقى ئون مېتىر ئەتراپىدا سۇغا چىلىشىپ تۇرىدىغان تەرىپى ياپىلاق، ئادەم تۇتىدىغان تەرىپى قولغا ئەپلەشكۈدەك يۇملاق ياسالغان «پالاق» بېكىتىلىدۇ. پالاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈك تېشىلىپ، لاڭتۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېشىلگەن يەنە بىر تۆشۈككە قىين، ئۆرۈك ياكى تالنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان قوزۇق بىلەن ئورنىتىلىدۇ. پالاقنىڭ سۇغا چۆكۈپ تۇرىدىغان قىسمى سەل ئېغىرراق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ھەر بىر سالدا بىر ئۇستا بىلەن بىر ياردەمچى بولىدۇ. ئۇستىسى سالنىڭ ئالدىدىكى پالاقنى، ياردەمچىسى ئارقىسىدىكى پالاقنى تۇتىدۇ. (ئارقا پالاق — گۇرجەكمۇ دەپ قويۇلىدۇ). ئىككى باشتىكى باستۇرما ياغاچلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئىككىدىن تۆتكىچە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ياغاچلار قويۇلىدۇ، بۇ «پوكەي» دەپ ئاتىلىدۇ. پوكەي سالدا سالچىلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك ۋە باشقا نەرسىلىرىنى قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پوكەينىڭ يەنە سالچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ساقلاش رولىمۇ بولىدۇ. سال ئۇلتىڭىنىڭ ئىككى بېقىنىغا ئىككى تال ياغاچ ئارقان بىلەن چىگىپ قويۇلىدۇ، بۇ «ياندۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. سال سۇيى تېيىزرەك يەرگە چىقىپ توختاپ قالغۇدەك بولسا، ياندۇق ياغاچلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئارقاننى ئۇزۇنراق قويۇپ بەرسە ياغاچ قۇشنىڭ قانىتىدەك كېرىلىپ، ئىككى ياندىن ئېقىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سۇنى توسۇپ ئۇلغايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن توختاپ سال مېڭىپ كېتىدۇ.

قىياق بورا: بوراقىياقتىن توقۇلىدىغان بورا. بوراقىياق قىياق ئائىلىسىگە كىرىدىغان، كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇدا ئۆسىدۇ. غولى ئۈچ قىرلىق، يوپۇرمىقى ئىنچىكە ۋە ئۇزۇن گۈلى يېشىل قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. قىسمەن ئورۇنلاردا بورا توقۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

كەندىر: ئۈجمە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، سوپىقىدىن يىپ، ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. كەندىر ئۇرۇقىنىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۈچەينى سىيلىقلاش ۋە تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. بىزدىكى كەندىر توقۇمىچىلىقى ئەڭ ئىپتىدائىي توقۇمىچىلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي تۇرمۇشىدىن باشلاپلا ياۋا كەندىر

تالالىرىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇنىڭدىن كىيىم توقۇپ كىيگەن، كەندىر تالاسى ياكى پوستى چىگە دەپ ئاتىلىدۇ.

كاناپ: كەندىر پوستىدىن ئېشىلىپ تەييارلانغان يىپ ياكى شۇ يىپتىن توقۇلغان ئاددىي رەختتىن ئىبارەت.

مشكاپ: كەندىر چىگىسىدىن چاق ئارقىلىق يىشىلدۈرۈلۈپ ئېگىرىلگەن يىپلىرىدىن كاناپچىلار تەرىپىدىن شالاگىراق توقۇلىدىغان قاپ تۈرى بولۇپ، ئاساسەن ئاشلىق، ئوت - سامان، قىغ قاتارلىقلار قاچىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

كۇلا: يانجىلغان چىغ، شال پاخلى، زىغىر پاخلىدىن ھەر خىل ئۇزۇنلۇق ۋە تومىلۇقتا ئېشىپ تەييارلىنىدىغان ئاددىي ئەشيالىق جابدۇقتۇر. كۇلا ئادەتتە يېنىكرەك نەرسىلەرنى تېڭىش، باغلاش، ئوراش قاتارلىق ئىشلاردا پات - پات سۇغا چىلاپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «بايدا ئارغامچا، كەمبەغەلدە كۇلا، باي بولاي دېسەڭ، كەمبەغەلنى بۇلا»، «كۇلىنى چىلاپ ئىشلەت، نادانىنى شىلاپ ئىشلەت» دېگەن ماقالىلەر كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بەزى يەرلەردە ئۆزى باشقىلارغا قەرز تۇرۇپ، باشقىلارغا ئۆتۈپ كەتكەن ئازغىنە نەرسىنى سوراپ كېتىدىغان ئادەملەرگە قارىتا «ئارغامچىنىڭ تۇرۇپ تۇرسۇن، كۇلامنىڭكىنى بەر» دېگەندەك ئىش قىلمىغىنە دېگەن گەپنى تولىراق ئىشلىتىدۇ

چىگە ئاياغ: چىگە كەندىرنىڭ پوستىدىن سويۇلۇپ ئېلىنىدىغان تالا بولۇپ، تالاسىدىن ئارغامچا ئېشىشكە ۋە ئاياغ توقۇپ كىيىشكە بولىدۇ. كەندىر چىگىسىدىن توقۇلغان ئاياغ چىگە ئاياغ دەپ ئاتىلىدۇ، ياۋا كەندىرنىڭ چىگىسى تورقا دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۆشۈك: چىغ ۋە شال پاخاللىرىدىن تەييارلانغان كۇلا يىپلىرىدىن تور شەكلىدە بادالڭ تاغاردەك يوغان توقۇلىدىغان، ئاساسەن پاخال، سامانلارنى ئېچىگە قاچىلاپ توشۇپ ۋە ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قاپ تۈرىدىن ئىبارەت بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆسۈملۈك غوللىرىنى ئەشيا قىلىپ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىھەلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن جەھەتتىكى يۇكسەك دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە ئەقىل - پاراستىنى نامايان قىلىدىغان ئىگىلىك جابدۇقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

لاخسا: پاخال، سامان قاتارلىق ئوت - بوغۇزلارنى يۆتكەش ۋە توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئاساسەن كەندىر چىگىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تالالىق ئۆسۈملۈك غوللىرىدىن تور تۆشۈكچىلىرى كەڭرەك، ھەجمى كۆشۈككە قارىغاندا يوغانراق توقۇلىدىغان قاپ تۈرىدىن ئىبارەت.

چىتەن: ئوت - چۆپ ۋە سامان - پاخال قاچىلايدىغان سېۋەت شەكىللىك چوڭ بورا قاچىدىن ئىبارەت.

خۇلاسىلىگەندە تال، چىغ، يېكەن ۋە قومۇش توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ توقۇلۇپ ۋۇجۇدقا كېلىش ئىش ھالقىلىرى ۋە قەدەم - باسقۇچلىرى بىر دەك بولمىسىمۇ، لېكىن ماتېرىيال تاللاش، تاللانغان ماتېرىياللارنى ئەشيا ھالىتىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلى مۇئەييەن ئوخشاشلىققا ئىگە بولىدۇ. ئالدى بىلەن توقۇلما بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئەشيالار مۇۋاپىق سېزۇنلۇق پەسىلدە ئېلىنىپ تەييارلىنىدۇ، ئېلىنغان ماتېرىيال ھەرقايسى توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ تەلىپى بويىچە رەتلىنىپ ماتېرىيال ھالىتىگە كەلتۈرۈلىدۇ. توقۇلما بۇيۇملىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىۋىق ئاساسەن كۈز پەسلىدە ئېلىنىدۇ. چىغ ھەر يىلى تومۇز ئايلىرىنىڭ ئاخىرى ئېلىنىدۇ. يېكەن ياز ۋە قىش كۈنلىرى ئېلىنىدۇ. قومۇش ئاساسەن قىش كۈنلىرى سوغۇق چىللىسى تازا كۈچەيگەن مەزگىللەردە ئېلىنىدۇ، سەۋەبى قومۇش سۇلۇق يەر ۋە كۆللەردە ئۆسكەچكە كۆل سۈيى سوغۇقتا قېلىن مۇز تۇتمىغىچە، قومۇش ئېلىشقا بولمايدۇ، قومۇش ئورغاقتا ئورۇلۇپ، ئۆزىدىن باغلىق ئېلىنىپ باغلىنىپ تەييارلىنىدۇ.

يۇقىرىدا خەلقىمىزنىڭ توقۇمچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىختىراسىنىڭ يەنە بىر سەمەرىلىك تارمىقى بولغان تال، چىغ، يېكەن ۋە قومۇش، كەندىر، توقۇلما قول ھۈنەر- سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، ئەشيا ماتېرىياللىرى، ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ۋە سايمان - جابدۇقلىرى، تال، چىغ، يېكەن ۋە قومۇش بۇيۇملىرىنىڭ تۈرلىرى، توقۇلۇش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ھەققىدىكى ئىزدەنملىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم، كۆرۈلگەن خاتالىقلىرىم ھەققىدە كەسپداشلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تارانچى مەدەنىيىتى تەتقىقات بازىسىنىڭ تەكلىپلىك تەتقىقاتچىسى)

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# بەرنز لەتىپىلىرى

بەرنز ئاكا 1892 ـ يىلى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ ئالتىتۆي يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1959 ـ يىلى 67 يېشىدا شۇ يېزىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي، خەلق ئارىسىدىكى ناچار ئىللەتلەرنى يۇمۇرلۇق سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك تەنە ۋە كىنايىگە تولغان لەتىپىلىرى ئالتىتۆي ۋە ئالتىتۆيگە يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا كەڭ تارقالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، لەتىپىلىرى خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە، تۆۋەندىكىلەر بەرنز لەتىپىلىرىنىڭ بىر قىسمى.

### چۆچەك ئويۇۋاتىدۇ

بىر كۈنى «چۆچەك» لەقەملىك كىشى گۆشكە ئەزالىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلۇپ كۆرەش قىلىنىۋاتقانىكەن، كېچىكىپ قالغان بىر كىشى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي:

— بەرنزكا، نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بەرنز ئاكا:

— دەرەخنى يىقىتىپ چۆچەك ئويۇۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### قېرىنىز چاپلىشىۋالدى

كۈنچىلىكى قاتتىق بىر كىشى بار ئىكەن، ئايالىنى كۆرگەنلا ئادەمدىن كۈنلەپ يۈرىدىكەن. بەرنز ئاكا بىر كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئايالى بىلەن سالاملىشىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، كۈنچى كىشى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، بەرنز ئاكىنىڭ چاپىنىنىڭ ئارقا پېشىدىن تۇتقانچە، جامائەت ئالدىغا سۆرەپ بېرىپتۇ، جامائەت ئىچىدىن بىرسى ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئىش بۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، بەرنز ئاكا جاۋاب بېرىپ:

— قېرىنغاندا قۇيرۇقتا قېرىنىز چاپلىشىۋالدى، — دەپتۇ.

### تاختاي تىلىۋاتىدۇ

بەرنز ئاكا ئىتنى يايلاقتا چىقىرىۋەتكەنىكەن، مالچى ئۇ ئاتنى مىنىپ ھەم يىغىر ھەم قوتۇر قىلىپ ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ كىشى ئۇ ئاتنى قورۇدىكى قارىياغاچقا باغلاپ قويغانىكەن، ئات قارىياغاچقا ھەدەپ ئۆزىنى سۈركىگىلى تۇرۇپتۇ. بەرنز ئاكا خاپا بولۇپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىشىغا، قوشنىلاردىن بىرسى ھويلىغا كىرىپ ئاتنى كۆرۈپتۇ ـ دە:

— بەرنزكا، ئىتىڭ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نېمە قىلاتتى، ئىتىم يايلاقتا ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەنىكەن، ھازىر تاختاي تىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ بەرنز.

### خورجۇنغا سېلىپ قويدۇم

بىر كۈنى بەرنزكام شەھەرگە ماڭغانىكەن، قوشنىسى كىرىپ پۇل بېرىپ كالاچ ئالغاچ چىقىشنى تاپىلاپتۇ، بەرنزكام شەھەردىن چىققاندا، ھېلىقى قوشنىسى كىرىپ:

— بەرنز مەن ئېسىڭدە بارمۇ؟ — دەپتىكەن، بەرنزكام:

— سېنى ئۇنتۇپ قالماي دەپ خورجۇنغا سېلىپ قويدۇم، — دەپ خورجۇندىكى كالاچنى كۆرسىتىپتۇ.

### قولۇڭ چۈشۈپ كەتمەپتۇ

بەرنزكامنىڭ بىر جېدەلخور قوشنىسى بار ئىكەن. بەرنزكام بىر كۈنى ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرسە، ئۇ ئايالىنىڭ قانغا مىلەنگەن بېشىنى تېڭىۋاتقۇدەك، ئەھۋالنى چۈشەنگەن بەرنزكام:

— ھوي ئاداش، ئايالىڭغا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بىر كېلىشمەسلىك بولدى دېگىنە، باراڭنىڭ ياغىچى چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىپ قويدى، — دەپتۇ ئۇ كىشى. بەرنزكام كۈلۈپ:

— ھەر نېمە بولسا قولۇڭ چۈشۈپ كەتمەپتۇ، — دەپتۇ.

### سۆرەمنى ئېلىپ قاچتى

بەرنز ئاكىنىڭ ئايالى ئانىسىنىڭكىگە يامانلاپ كەتكەنىكەن، بۇنى بىلىپ قالغان بىرسى بەرنز ئاكىدىن سوراپتۇ:

— ھەدىمىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

uyghurkitap.com



— ھەدەڭ سۆرەمنى بۇغا-جاۋنى بىلەن ئېپقاچتى، — دەپتۇ بەرنز ئاكا.

### «كوي»نىڭ ئارقىسىغا «زو»نى قوش

بىر كۈنى بەرنىزكام بىر توپ قوينى ئالدىغا سېلىپ، «كوي-كوي» دەپ ھايداپ كېتىۋاتقان قويچى بالىنى كۆرۈپتۇ، قارىسا ئۇنىڭ قويلىرى ماڭماي قويچى ئۇياق-بۇياققا يۈگۈرۈپ «كوي-كوي» دەپلا ۋارقىراپ يۈرگۈدەك. بەرنىزكام ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— بالام ھوي، «كوي»نىڭ ئارقىسىغا «زو»نى قوشساڭ قوي تۇرماق، قوزىمۇ ماڭمايدۇ، — دەپتۇ.

### ئاغزىڭغا سىيرىتما بىكىتىۋال

ئاغزى يامان بىر كىشى بەرنز ئاكىدىن قانداق قىلغاندا، ئېغىزىمنى تۈزۈتۈۋالارمەن دەپ سورىغانىكەن.

— ئاغزىڭغا سىيرىتما بىكىتىۋال! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەرنز ئاكا.

### چۆرىسىگە كالا قوشقان

بەرنز ئاكىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلگەنىكەن، ئايالى خام قايماق بىلەن قاتلىما سېلىپ ئالدىغا قويۇپتۇ، مېھمان قاتلىمىنى ئىشتىھا بىلەن يەپ:

— بەرنز، بۇ نانغا نېمە قوشقان؟ — دەپ سوراپتىكەن. بەرنز ئاكا دەرھاللا:

— ئوتتۇرىسىغا موم قاداپ، چۆرىسىگە كالا قوشقان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### يېشىڭغا يەتكەندە بىلىسەن

كىشىلەرنىڭ ئائىلە ئىشلىرىغا قىزىقىپ يۈرىدىغان بىر ياش يىگىت بەرنز ئاكىدىن:

— بەرنز ئاكا، قوشناڭنىڭ جېدەلى زادىلا تۈگىمەيدىغۇ، — دەپ سوراپتىكەن. بەرنز ئاكا:

— ھەي ئۇكا، بۇنىڭ تۈگەيدىغان، تۈگىمەيدىغانلىقىنى سەنمۇ يېشىڭغا يەتكەندە بىلىسەن، — دەپتۇ.

### تۈگۈپ قويىدى

تۆھمەت بىلەن كالا ئوغرىسى بولۇپ تۆلەڭگىگە قالغان بەرنز ئاكا ھۆكۈمنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئەلەم بىلەن چىقىۋاتسا، يولدا بىرسى ئۇچراپ:

— بەرنز، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سورىغانىكەن. بەرنز ئاكا ئۇنىڭغا:

— پۈتۈن-سۆرۈك بىر كالىنى تۈگۈپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىدى، شۇنى ئېلىپ چىقىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ئۈچ سالدىم

كوممۇنا دەۋرىدە بىر ئايال كوممۇنادىن رەنجىپ «نورما يېتىشمەيدۇ، دادۈيجاڭ ئاش بەرمەيدۇ» دەپ ھالىنى ئېيتقانىكەن، بەرنز ئاكام: «راست دەيسىز، بۇ خەق ئادەم ئەمەس!» دەپ غەزەپلىنىپ سۆزلەۋاتقاندا دادۈيجاڭ تۇيلەپ كىرىپ قاپتۇ ۋە:

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ سورىغانىكەن. بەرنز ئاكا:

— ماۋۇ ئايال يىپ ئېگىرىۋېتىپتىكەن، مەن ئۈچ سالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### بىر «خو» بەرمەيتتۇق

قىيىنچىلىق يىللىرى بەرنز ئاكا شەھەرگە كىرىپ بىر ئاشپۇزۇلدا تاماق يەپتۇ. كۈتكۈچى قىز قوناق ئۇمىچىنى ئەكىلىپ بەرنز ئاكىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. قوناق ئۇمىچىغا بەرنز ئاكىنىڭ ئىشتىھاسى زادىلا تارتماپتۇ.

كۈتكۈچى قىز قاچىنى يىغماقچى بولۇپ، بەرنز ئاكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىچمەپسىزغۇ، — دەپتىكەن، بەرنز ئاكا:

— بۇ تاماقنىڭ ئىسمىنى نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. قىز:

— خو-خو دەيمىز، — دېگەنىكەن، بەرنز ئاكا:

— مۇشۇنىڭغا ئىككى خو بەردىڭلارمۇ، بىزنىڭ ئالتۇيدە بولسا بىر خومۇ بەرمەيتتۇق، — دەپتۇ.

### نېمە قىلىپ يۈرىسەن


— ۋوي ئاداش، كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ، — دەپتۇ بىر ئاغىنىسى بەرنز ئاكىنى يولدا ئۇچرىتىپ، — نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— نېمىنى نېمە قىلىپ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بەرنز ئاكا.

توپلىغۇچى: ئابلەت ئابدۇللا

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# يۇمورلار







### بىر قېتىم كەچۈرەي

بىر كىشى ئايالىدىن بەكمۇ قورقىدىكەن. بىر كۈنى ئايالى يەنە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قاپتۇ ھەم ئۇنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ. يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يولدىشى يۈرەكلىك بىلەن: «يەنە بىرنى ئۇرۇپ بېقىڭە قېنى؟» ئايالى ئىككىلەنمەيلا يەنە بىر شاپىلاق ئۇرۇپتۇ. يولدىشى ئۇنى قورقۇتالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھاللا: «مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلىغىنىڭىز ئۈچۈن، بۇ قېتىم سىزنى كەچۈرۋەتتىم!» دەپتۇ.

### كۆيۈنۈش

— ئايالىم ماڭا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ، كۆيۈنىدۇ، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرگىنىمدە، ئۇ مېنىڭ پەل-تورۇمنى سالدۇرۇپ قويىدۇ، ساپما كەش بىلەن پەلەينى ئەپكېلىپ بېرىدۇ.

— ئۆيدە نېمىشقا يەنە پەلەي كىيىپ يۈرىسىز؟

— بۇنداق دېگىنىڭىز نېمىسى؟ رېزىنكە پەلەينى كىيىۋالسا قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇشقا بەكلا قولايلىق تۇرسا!

### «ئالدىڭىزغا ماڭماڭ»

:A

— سىز ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتماي بۇ يەردە ئاي-لىنىپ يۈرۈپسىزغۇ؟

:B

— مەن ئايالىم بىلەن كىم بۇرۇن ئۆيگە بارسا، شۇ تاماق ئېتىش توغرىسىدا كېلىشىپ قويغان.

:A

— بەكمۇ ئەقىللىق ئىكەنسىز، ئەمما سىز ئەمدى يەنە ئالدىڭىزغا قاراپ ماڭماڭ، مەن ئايالىڭىزنىڭ ئۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم!

### ئۆگەنگەننى تەھقىقلەش

يولدىشى چېركاۋدىن قايتىپ كېلىپ، خۇشال ھالدا ئا-يالىنى چاقىرىپ، ئۇنى يۇدۇۋېلىپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلاپتۇ.

ئايالى:

— بۈگۈن پوپ سىلەرگە مۇھەببەت رومانتىكىسىنى قانداق ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا سۆزلىگەن ئوخشىما-مدۇ؟

يولدىشى:

— ياقەي، پوپ بۈگۈن بىزگە ئۆزىمىزنىڭ يۈكىنى ئۆز زىممىمىزگە ئېلىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلدى!

### چاچ ۋە ساقال

ئېرى:

— ئەجەبمۇ نەس باستىغۇ، چاچلىرىم قاپقارا، ئەمما ساقىلىم بارغانسېرى ئاقىرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولىدىغاندۇ؟

ئايالى:

— بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىيغۇ، سىز ئاغزىڭىزنى بەك كۆپ ئىشلەتسىڭىزمۇ ئەمما مېڭىڭىزنى بەكلا ئاز ئىشلەتسىز ئەمەسمۇ!

«تاشلىۋېتىمەن»

بىر كەچلىك زىياپەتتە مەلۇم بىر خانىم ئۆزىنىڭ پۇلدارلىقىنى كۆز-كۆز قىلىشقا باشلىدى:

— مەن دائىملا ئىسسىق سۇ بىلەن ئالماسلىرىمنى يۇيۇپ تازىلاپ تۇرىمەن، قىزىل ھاراق بىلەن قىزىل ياقۇتۇمنى تازىلايمەن، بەيلەندى بىلەن يېشىل ياقۇتلىرىمنى تازىلايمەن، يېڭى سۈت بىلەن كۆك ياقۇتلىرىمنى تازىلاپ تۇرىمەن. سىزچۇ؟ — دەپ، يېنىدىكى بىر مومايدىن سوراپتۇ.

— ھە، مەن ھەرگىزمۇ ئۇلارنى تازىلاپ يۈرمەيمەن، — دەپتۇ موماي، — ئەگەر ياقۇتلىرىمغا ئازراق توپا-چاڭ قونۇپ قالسىلا، ئۇلارنى تاشلىۋېتىمەن!

ھەرە ئۆلتۈرۈش

بىر ئوقۇغۇچى سىنىپقا كالپۇكى بەكمۇ ئىششىپ كەتكەن ھالەتتە كىردى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ.

— يەكشەنبە كۈنى دادام ئىككىمىز كۆلدە قولۋاق ئوينىۋاتقاندۇق، بىر تال ھەرە كالپۇكۇمغا قونۇۋالدى.

— سەن ئۇنى قوغلىۋەتسەڭلا بولاتتىغۇ؟

— مەن تېخى قوغلاشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇپلا، دادام بىر پالاق ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئاجايىپ جاۋاب

«ئوت كەتتى، ئوت كەتتى» تېلېفوندىن جىددىي ۋە ساراسىمىگە چۈشكەن ئاۋاز كەلدى.

— قەيەردە؟ دېدى تېلېفونىست.

— بىزنىڭ ئۆيگە.

— دېمەكچى بولغىنىم ئوت كەتكەن ئورۇن قەيەردە؟

— ئاشخانا ئۆيۈمگە.

— چۈشەندىم، لېكىن بىز ئۆيىڭىزگە قانداق بېرىشىمىز كېرەك؟

— سىلەرنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ماشىناڭلار بار ئەمەسمۇ.

تاشلاش

A:

— مەن ھاراق ئىچىش، تاماكا چېكىشنىڭ زىيانلىقلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇۋېرىپ ئاخىرى تاشلاش قارارىغا كەلدىم.

B:

— سەن زادى نېمىنى تاشلىدىڭ، ھاراقنىمۇ ياكى تاماكىنىمۇ؟

A:

— ياق، كىتاب ئوقۇشنى.

بىر تال تاياقچە

ئوركېستىر دىرىژورى سازەندىلەرنىڭ مەشىقىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. دىرىژور بىر نەپەر دۇمباقچىنىڭ ئىپادىسىگە نارازى بولغان ھالدا ئۇنى كەمسىتىپ:

— ئەگەر بىر مۇزىكانت ئۆزىنىڭ چالغۇسىنى ياخشى چالالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا ئىككى تال تاياقچە تۇتقۇزۇپ، دۇمباق چېلىشقا سېلىش كېرەك. ئەگەر ئۇ دۇمباقنىمۇ قاملاشتۇرۇپ چالالمىسا...

ھېلىقى دۇمباقچى دەرھاللا گەپنى تارتىۋاپتۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا دەرھاللا بىر تال تاياقچە تۇتقۇزۇپ، دىرىژورلۇققا سېلىش كېرەك!

دىلفۇرۇز تۇيغۇن تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن



# تۆت ئەخمەق

(چۆچەك)

بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن. زامانلارنىڭ زامانىسىدا تۆت ئەخمەق ئۆتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرى تولىمۇ كۈلكىلىك بولغاچقا، يۇرت-جامائەت ئىچىگە پۇر كەتكەنىكەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ ئەخمەقلەر ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئەقىللىق ساناپ، باشقىلاردىن پايدا-مەنپەئەت ئېلىشنىلا كۆزلەيدىكەن. بۇ ئەخمەقلەر ئۆزلىرىنى قالتىس چاغلاپ، باشقىلاردىن ھۆرمەت-ئېھتىرام كۈتىدىكەن، شۇڭا، ئەل-يۇرت ئۇلارنى «ئەخمەق پوچى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان نوچى» دەيدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ تۆت ئەخمەق دۇمبىسىنى ئاپتاپقا قاقلاپ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ماختاپ ئولتۇرغانىكەن. يولدىن بىر ئوتتۇنچى بوۋاي ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا سالام قىلىپ يولىغا راۋان بوپتۇ. بۇ ئەخمەقلەر، ئوتتۇنچى بوۋاي سالامنى قايسىمىزغا قىلدى دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقا باشلاپتۇ. بىرى «سالامنى ماڭا قىلدى» دېسە، يەنە بىرى «ماڭا قىلدى» دەپتۇ. شۇ تەرىقىدە سالامنى تالىشىپ جاھاننى بېشىغا كىيىپتۇ، ئاخىرى كېلىشەلمەي ئوتتۇنچى بوۋايدىن سوراش ئۈچۈن بوۋاينى قوغلاپ جاڭگاللىققا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بوۋايغا يېتىشەلمەي، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ

تالاي يولنى بېسىپتۇ، ھەتتا ماغدۇردىنمۇ كېتىپتۇ، داڭگاللارغا پۇتلىشىپ، چاتقاللاردا يىقىلىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئوتتۇنچى بوۋايغا يېتىشىپتۇ-دە، بوۋايدىن:

— سىز سالامنى قايسىمىزغا قىلدىڭىز؟ بىز شۇنى بىلەلمەي سىزدىن سورىغىلى كەلگەندۇق، — دەپتۇ. ئوتتۇنچى بوۋاي ئەخمەقلەرنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ھەيران بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپتۇ، ئاندىن ئۇلارغا:


— قايسىڭلار ئەڭ چوڭ ئەخمەق بولساڭلار، سالام شۇنىڭغا مەنسۇپ، — دەپتۇ-دە، ئېشىكنى نوقۇپ يولغا راۋان بوپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ تۆت ئەخمەق چوڭ ئەخمەقلىقنى تالىشىپ، نەچچە كۈن ئۇرۇشۇپ باش-كۆزلىرىنى يېرىشىپتۇ، كىيىملىرى يىرتىلىپ، مازلىرى چۇۋۇلۇپتۇ، دوپپىلىرى ئۇچۇپ كېتىپ، تازلىرى ئېچىلىپ قاپتۇ. ئەخمەقلەرنىڭ تاز بېشىدىن زارلىنىپ كۈنمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ. لېكىن چوڭ ئەخمەقلىقنى تالىشىش جېدىلى زادىلا ھەل بولماپتۇ. بۇ مەسىلىنى ئايرىش ئۈچۈن چوڭ قازىنى ئىزدەپتۇ. قازى ئۇ ئەخمەقلەرنىڭ شىكايەت-ئەرزلىرىنى ئاڭلاپ، كۈلكىسى قىستاپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ چوڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن يەنە ئەخمەق قىپتۇ-دە:

— ھەرقايسىڭلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئەخمەقلىقىڭلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەڭلار. ھەممىنى تولۇق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كىمنىڭ چوڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بېرەي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى ئەخمەق يەڭلىرىنى شىمايلاپ ئەخمەقانە ئىشلىرىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيىمىزدە ئوتۇن تۈگەپ قېلىپ، بالىچاقىلىرىم ئوتۇنغا زار بولدى. ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا ناھايىتى باراقسان ئۆسكەن چوڭ بىر تۈپ تېرەك بار ئىدى. مەن ئاشۇ تېرەكنى كەسمەكچى بولۇپ تېرەكنىڭ ئۇستىگە چىقتىم-دە، تېرەكنىڭ تۈۋىنى كەستىم، ئۆزۈم شاخ بىلەن دومىلاپ چۈشۈپ بېلىمنىڭ يېرىمى سۇنۇپ كەتتى. ئۆيدە بەش يىل يېتىپ ھېچ ئىشقا يارىمىدىم، ئەخمەقلىقىمدىن ھېچنېمىنى سەزمىدىم، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئىككىنچى ئەخمەق ئۆزىنىڭ ئەخمەقانە ئىشلىرىنى بايان قىلىشنى باشلاپتۇ:

— مەن ئۇزاقتىن بېرى بالا يۈزى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەندىم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئايالىم ئېغىر ئاياغ بولۇپ، كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ كۆزى يورۇش ۋاقتى يېقىنلاشتى، مەنمۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچماقچى بولغان پەرزەنتىمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چوڭ بىر داس تەييارلىدىم-دە، ئۇنىڭغا لىق سۇ تولدۇرۇپ بوۋاقنى شۇ



سۇغا چۇشۇرۇشنى پەملىدىم، چۈنكى بوۋاق يەرگە چۈشسە بەدىنى ئاغرىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، شۇنداق قىلىپ ئايالىمنى سۇغا تۇغدۇردۇم. تۇغۇلغان بوۋاق شۇنداق چىرايلىقكى، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى گۈزەل بىر ئوغۇل ئىدى. كۆزى خۇددى بۇلاقتەك، چاچلىرى قۇندۇزدەك. «ھازىرچە سۇدا ئۈزۈپ ھۇزۇرلانغىن» دەپ قاراپ ئولتۇردۇم، بوۋاقنى قولۇمدا سۈزسەم بەدىنى ئاغرىپ كەتمىسۇن دەپ چويلىدا سۈزدۇم. تەلىيىمنىڭ يوقدىن ئۇ تۇنجى ئوغلۇم سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى بالا يۈزى كۆرەلمەي، يا بىر ياققا كېتەلمەي، پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي يۈرگەن ئەخمەقلەرنىڭ بىرىمەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ.

نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان ئۈچىنچى ئەخمەق ئۆزىنىڭ ئەخمەقانە ئىشلىرىنى بايان قىلىشقا باشلاپتۇ:

— بۇرۇن مېنىڭ نەسىللىك ياخشى بىر كالام بار بولۇپ، بوغۇز قوشۇپ بەرگەن ھەلەپنى ناھايىتى ياخشى يەيتتى. بىر كۈنى مەن كالامنىڭ قورسىقىنى تازا بىر تويدۇراي دەپ ھويلامدىكى نودا ھەلەپ بەرگەنىدىم، كالام ھەلەپ يېيىش ئۈچۈن نونىڭ ئىچىگە بېشىنى تىققانىكەن، بېشى نونىڭ ئىچىگە قاپلىشىپ قاپتۇ. كالام ئۆلۈپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلىدىم ـ دە، قۇتقۇزۇشقا كىرىشتىم، بىر ھازا تىرىشىپ قانچە كۈچەپ باقسام زادىلا قۇتقۇزالمىدىم. كالام تېپچەكلەپ، خارقىراپ جان تالاشقىلى تۇردى. مەن ھېچبىر ئامال قىلالماي كالامنىڭ بويىنىنى كېسىپ، تېنىنى قۇتقۇزۇۋالدىم. كالامنىڭ بېشىنى نو ئىچىدىن ئالالماي، پالتا بىلەن نونى يېرىپ تاشلاپ، ئاندىن كالامنىڭ بېشىنى قۇتقۇزدۇم، شۇنىڭدىن بېرى كالىسىز ياشىغان ئەخمەقلەرنىڭ بىرىمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان تۆتىنچى ئەخمەق ئۆزىنىڭ ئەخمەقانە ئىشلىرىنى بايان قىلىشنى باشلاپتۇ:

— مەن تازا چىرايلىق، كېلىشكەن بىر ئىمارەت سېلىشنى پىلانلاپ ئۇزاق يىللاردىن بېرى تەييارلىق قىلغانىدىم. بىر يىل رىيازەت چېكىپ بۇ ئىمارەتنى ئاران پۈتتۈردۈم. ئىمارىتىم پۈتكەندە، دەرۋازا دەملەشكە تەييارلانغان دەملىككە قارىسام، دەم ئۇزۇن كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمارەتنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ، چالما، كېسەك، تاشلارنى يۇمشاق قىلىپ ئۇۋۇتتۇم ـ دە، دەرۋازىنى ئارقىغا يەنە بىر ئاز ئىتتىرىپ، چالما، كېسەك، تاشلارنى تىزىپ ئىمارەتنى قايتا سالدىم. دەملىك ياغاچنى ئۆلچىسەم، ئەمدى قىسقا كېلىپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلارمەن دەپ غەم قىلىپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ تەڭلا قاتتى. دەرۋازىنى دەمگە توغرىلاپ، ئىمارەتنى قايتا سېلىش ئۈچۈن جەڭگە يەنە ئاتلاندىم. ئىمارەتنى قايتا سالسام، دەم ئەمدى ئۇزۇن كېلىپ قالدى. بۇ يالغۇز بېشىمغا قايتا يەنە غەم چۈشتى، چۈنكى دەملىك ياغىچىم بەك ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېسىللىقى يۇرت ئىچىگە تارالغانىدى. شۇڭا مەن دەملىكنى كېسىشكە پايلىماي، دەملىك ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە تەييار ئىدىم. دەملىك ياغاچنى ئاياپ يەتتە يىلدا يەتتە قېتىم ئىمارەت سالغان، سېلىپ پۈتتۈرەلمەي سەرسان بولغانمەن، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

قازى بۇ تۆت ئەخمەقنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، تۆتىنچى ئەخمەقنىڭ ھەقىقەتەن چوڭ ئەخمەق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىپتۇ. بۇ ئەخمەق قازىنىڭ ھۆكۈمىدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ، خۇشاللىقى قىن ـ قىنىغا سىغماي «ۋاي قازىم، سىلە ئاجايىپ ئادالەتلىك ئىكەنلا» دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپتۇ ۋە ئۇچىسىدىكى تونىنى يېشىپلا قازىغا تەقدىم قىپتۇ. ئۆزى توڭلىغاندا ئاھ ئۇرۇپ، دالدىغا مۆكۈنۈپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: سۇلتانەم ئۆمەر، ئايال، ئالىي مەكتەپ پۈتكۈزگەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

تەييارلىغۇچى: **خۇرسەنئاي مەتىمىن**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# شاهزاده مەلك ۋه قەمەر ئوغرى

(چۆچەك)

قەدىمكى زاماندا كاتتا بىر پادىشاه ئۆتكەنىكەن. كۇنـ-
لەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ قولىغا گۇزەل بىر قىزنىڭ سۇرىتى
چۇشۇپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولۇپ قاپتۇ. ئۇ
نۇرغۇن مال- دۇنياسىنى سەرپ قىلىپ، مەملىكەت ئىچى
ۋە سىرتىدىن ئىزدەپ ئۇ قىزنى تاپالماي، ئاخىرى سۇ-
رەتنى خەزىنىسىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى مەخسۇس بىر
خانىگە قويۇپ، ئۇ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى
ساقلاپ يۇرىدىغان بولۇپتۇ. هەر كۇنى بىر قېتىم
ئۇ ئۆيگە كىرىپ سۇرەتنى كۆرۇپ چىقىدىكەن.
ئايلار، يىللار يەنە شۇنداق ئۆتۇپتۇ. پادىشاهنىڭ
بىر ئوغلى بولۇپ ئۇ بالاغەتكە يېتىپتۇ. كۇنلەر-
نىڭ بىرىدە شاهزاده، دادامنىڭ خەزىنىسىدە قاد-
چىلىك دۇنيا باركىن بىر كۆرۇپ باقاي دېگەن نى-
يەتتە دادىسىغا ئىلتىجا
قىپتۇ. پادىشاه ماقۇل
بوپتۇ، لېكىن هېلىقى خانى-
نىڭ ئاچقۇچىنى بەرمەپتۇ.
شاهزاده خەزىنىنىڭ هەممە
ئۆيلىرىگە كىرىپ مال-
دۇنيالارنى كۆرۇپ هېلىقى
ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا
كېلىپ قاپتۇ، ئۇ خەزىنىچى-
گە ئىشىكنى ئېچىشنى بۇيـ-
رۇپتۇ. خەزىنىچى بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنىڭ پادىشاهتا ئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپتۇ. شاهزاده «دادام شۇنچە دۇنيالىرىنى
مەندىن يوشۇرماي، ئەمدى كىچىككىنە بىر ئۆيىنى نېمىشقا
مەندىن يوشۇرىدىغاندۇ؟» دەپ ئۇ ئۆيىنى كۆرۇشكە تې-
خىمۇ قىزىقىپتۇ ۋە بۇ تەلىپىنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ.
پادىشاه هەرقانچە نەسىهەت قىلغان بولسىمۇ كار



قىلماپتۇ، ئاخىرى قوشۇلۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.

شاھزادە ھېلىقى خانىغا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ سۈرىتى ئېسىقلىق تۇرغان. بۇنى كۆرۈپ يىگىت قىزغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. قايتىپ چىقىپ ئاتىسىغا سەپەر قىلىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە قىلىپمۇ قىزنى تاپالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوغلىغا كۆپ نەسىھەت قىپتۇ، لېكىن شاھزادە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. ئاخىرى پادىشاھ نائىلاج 40 خېچىرغا ئالتۇن-كۈمۈش، مال-دۇنيانى يۈكلەپ، 40 نەپەر نۆكەرنى قوشۇپ شاھزادىنى يولغا ساپتۇ.

ئۇلار بىر ئاي يول يۈرۈپ بىر جاڭگاللىق باياۋانغا كېلىپ نۇرغۇن ئادەملەر توپىنى كۆرۈپتۇ. كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر ئادەمنى زەنجىر بىلەن چىڭ باغلاپ، يۈزلىگەن ئادەم زەنجىرنى چىڭ تۇتۇشۇپ كېتىۋاتقانىكەن، شاھزادە ئادەملەر توپى ئارىسىغا كېلىپ:

— خالايىقلار، بۇ نېمە ئىش؟ بۇ باغلاقلىق نېمە ئادەم، نېمە گۇناھ قىلغان؟ — دەپتۇ.

— بۇ قېدىر ئوغرى بولىدۇ. بۇ پادىشاھىمىزغا نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈردى. ئۇزاقتىن بېرى تۇتالماي يۈرگەنىدۇق. بۈگۈن مۇشۇ يەردە ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن تۇتۇۋالدۇق. شاھىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمىز، — دەپتۇ كىشىلەر. شاھزادە بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئوغرىنى ئەسقېتىپ قالار دېگەن نىيەتتە، 40 خېچىردىكى مال-دۇنياسىغا تېگىشىۋالماقچى بوپتۇ. ھېلىقى توپنىڭ باشلىقى مال-دۇنياغا ماقۇل بوپتۇ ۋە ئوغرىنى زەنجىردىن بوشىتىپ شاھزادىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ ئۆزلىرى كېتىپتۇ.

شاھزادە ئەمدى قانداق قىلىشنى ئويلاپ بولغىچە ھېلىقى ئوغرى بىر سەكرەپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ. 40 خېچىردىكى مال-دۇنياسىدىنمۇ ھەم ئۈمىد كۈتكەن ئوغرىدىنمۇ ئايرىلغان شاھزادە نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.

ئەسلىدە قېدىر ئوغرى موللاق ئاتسا ئالتە ئايلىق يولنى باسىدىكەن، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىكەن، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىغا ھېچنېمە تەڭ كەلمەيدىكەن. ئۇنىڭ داڭقى ئىنسانلار ئىچىدىلا ئەمەس، دىۋە-پەرىلەر ئىچىدىمۇ بار ئىكەن. قېدىر ئوغرى ئالتە ئايلىق يەرگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزىگە «مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالغان ئادەمنى سەن كىم؟ نېمە ئۈچۈن مېنى قۇتقۇزدۇڭ؟ دېمەيلا قېچىپ كېتىشىم بەك نامەردلىك بوپتۇ» دەپ ئويلاپ، بىر موللاق ئېتىپلا شاھزادە بار جايغا قايتىپ كەپتۇ. قارىسا، شاھزادە غەمگە پېتىپ ئولتۇرغان. قېدىر ئوغرى:

— ئەي بالا، سەن كىم؟ نېمە سەۋەبتىن مېنى قۇتقۇزدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى بىرنى قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى قىزنىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپتۇ، قېدىر ئوغرى:

— بۇ قىز كوھقاپتا، دىۋىلەرنىڭ قولىدا. مەنمۇ بۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈۋاتاتتىم. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بوپتۇ، سەن مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇڭ. بۇ قىزنى سەن ئۈچۈن قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي، ئۆلۈپ كەتسەم ئۆزۈمگە، — دەپتۇ ۋە شاھزادىنىڭ قولىغا بىر قۇتا سۇ بېرىپ، — مۇشۇ سۇغا قاراپ تۇر. سۇنىڭ رەڭگى ئۆزگەرمىسە، مېنى مۇشۇ يەردە ساقلا. ئەگەر سۇ قىزىرىپ كەتسە، مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ، ئۇ چاغدا ئۆز يولۇڭغا ماڭ، — دەپتۇ.

قېدىر ئوغرى مېڭىپتۇ، شاھزادە ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ قاپتۇ.

قېدىر ئوغرى شاھزادىدىن ئايرىلىپ كوھقاپقا كىرىپتۇ. دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ ئوردىسى ئالدىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان دىۋىدىن بىرنى تۇتۇپ كۇلۋارىغا سولاپ دىۋىنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ. دىۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— قېدىر ئاكا، رەھىم قىلىپ مېنى ئۆلتۈرمىسەڭ، جېنىم بىلەن سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلسام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. قېدىر ئوغرى:

— خوپ، ئۇنداق بولسا، راستىڭنى ئېيت، ساھىبجامال قىز نەدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— شاھىمىزنىڭ تەختىنىڭ ئاستىدىكى گەمىنىڭ ئىچىدىكى ساندۇقتا. ساندۇقنى تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ ئېسىپ قويغان، — دەپتۇ دىۋە.

— گەمىنىڭ ئىشىكى قەيەردە؟ — دەپ سوراپتۇ قېدىر ئوغرى.

— پەقەت تەختىنىڭ ئاستىدىنلا كىرگىلى بولىدۇ، باشقا يېرىدە ئىشىكى يوق. تەختىنىڭ ئاستىدىكى ئىشىكتە كېچە-كۈندۈز قاراۋۇللۇق قىلىدىغان دىۋىلەر بار. قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى بولغان دىۋە كۈندۈزى ئىككى قېتىم، كەچتە

2018.2

uyghurkitap.com



ئىككى قېتىم قاراۋۇللارنى يوقلاپ تۇرىدۇ، ــ دەپتۇ.

قېدىر ئوغرى ئەھۋالنى ئۇقۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ دېۋىگە بۇ ئىشنى پىنھان تۇتۇشنى ئېيتىپ، ئۆزى قاراۋۇللارنىڭ باشلىقى بولغان دېۋىنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپتۇ. تۈن كېچىدە قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈپ چىققان دېۋىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، شۇ دېۋە سىياقىغا كىرىۋېلىپ، قاراۋۇللاردىن ئۆتۈپ تەختنىڭ ئاستىدىكى گەمىگە چۈشۈپتۇ - دە، ساندۇقنى ئاپتۇ. ئۇ ساندۇقنى ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، دېۋىلەر سېزىپ قېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىپتۇ. قېدىر ئوغرى دېۋىلەر بىلەن ئىككى كېچە - كۈندۈز ئېلىشىپ ئاخىرى كوھقاپتىن ساق - سالامەت قەپەسنى ئېلىپ چىقىپتۇ.

شاھزادە بولسا قۇتىدىكى سۇغا قاراپ ئولتۇرغىنىچە بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ. قېدىر ئوغرىدىن خەۋەر يوق. بىر چاغدا قارىسا، قۇتىدىكى سۇ قىزىرىشقا باشلاپتۇ، شاھزادە غەمگە پېتىپتۇ. ئىككى كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن سۇ يەنە سۈزۈلۈشكە باشلاپتۇ. شاھزادە بۇنى كۆرۈپ خۇشال بوپتۇ. قارىسا، قېدىر ئوغرى قەپەسنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقۇدەك. بۇلار ساق-سالامەت كۆرۈشكىنىگە خۇرسەن بوپتۇ. قېدىر ئوغرى قەپەسنى شاھزادىگە بېرىپ:

مەن كەلگۈچە قەپەسنى ھەرگىز ئاچما، ــ دەپ قويۇپ بىر مۇللاق ئېتىپ غايىب بوپتۇ.

شاھزادە بولسا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تەشنا بولغان قىزنى بىر كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئاچقانىكەن، قىز كەپتەر سۈرىتىدە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھزادە «ئەمدى قانداق قىلاي» دەپ تۇرسا، ھېلىقى كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ، «قەپەستە ئەگۈشتەر ئۈزۈكۈم قاپتۇ، ئېلىپ بەر» دەپتۇ. شاھزادە ئەقىل ئىشلىتىپ:

ــ ئۈزۈك ئال، قەپەسنىڭ ئىشىكى ئوچۇق، ــ دەپتۇ. كەپتەر نائىلاج قەپەسنىڭ ئىچىگە كىرگەنىكەن، يىگىت چاققانلىق بىلەن قەپەسنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋاپتۇ، كەپتەر چىقىپ كېتەلمەپتۇ.

قېدىر ئوغرى قايتىپ كېلىپ، قىز بىلەن يىگىتكە:

ــ سىلەرمۇ يۇرتۇڭلارغا كېتىۋېلىڭلار، ئەگەر بېشىڭلارغا ئىش كەلسە «قېدىر ئاكام بولسا ئىدى» دېسەڭلار، مەن شۇ يەردە ھازىر بولىمەن، ــ دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. شاھزادە بىلەن قىزمۇ يولغا چۈشۈپتۇ. ماڭا-ماڭا بىر يەرگە بېرىپ چارچاپتۇ. ئەتراپقا قارىسا بىر يەردە ئىس چىقىۋاتقۇدەك. شاھزادە قىزنى ئوتتۇن تېرىشكە قويۇپ، ئۆزى ئىس چىققان ئۆيگە قاراپ ئوت ئېلىپ كېلىشكە بېرىپتۇ. شاھزادە ھېلىقى ئۆيگە سالام دەپ كىرىپ قارىسا، يەتتە دېۋە ئوتنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇشقان، ئۇلار يىگىتنى كۆرۈپ خۇشال بولۇشۇپتۇ، چۈنكى ئۇلار بىر نەچچە كۈندىن بېرى يەيدىغان نەرسە تاپالماي قورسىقى ئاچ ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار يىگىتنى يېمەكچى بولۇپ، بىرى خام يەيلى دېسە، بىرى پىشۇرۇپ يەيلى، دەپ تالىشىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى «ئادەمنىڭ زەھرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۇتىدىن ئېسىپ قويايلى، زەھرى ئېقىپ كەتكەندە ئاندىن يەيلى» دەپتۇ-دە، يىگىتنى ئېسىپ قويۇپتۇ. دېۋىلەر ئۆزلىرىچە، بۇ بەلكىم يالغۇز ئەمەستۇ، ھەمراھى بولسا ئەجەب ئەمەس، ئەتراپتىن ئىزدەپ باقايلى، دەپ چىقىپ قارىسا قىزمۇ تۇرغانىكەن. دېۋىلەرنىڭ ھەممىسى قىزغا ئاشىق بولۇپ، بىر-بىرىدىن قىزغىنىشقا باشلاپتۇ، ئۇلار قىزنى تۇتۇپ ئېلىپ كەپتۇ.

شاھزادە ئېسىقلىق ھالەتتە قېدىر ئوغرىنىڭ سۆزى ئېسىگە كەپتۇ ۋە «قېدىر ئاكام بولسىدى» دېگەنىكەن. قېدىر ئوغرى شۇ زامان پەيدا بوپتۇ. بۇ چاغدا دېۋىلەر سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن. قېدىر ئوغرى يىگىتنى بوشىتىپ ئەھۋالنى ئاڭلاپتۇ. ئاندىن قىزدىن:

ــ سىز بىرەر دېۋىگە تەئەللۇق بولدىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. قىز:

ــ ياق، تېخى ئۇلار تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دەپتۇ قېدىر ئوغرى قىزغا يول كۆرسىتىپ، ــ سىز يەتتە دېۋىگە يەتتە قول ياغلىق تىكىڭ، ئۇلار كەلگەندە ھەر بىرىنىڭ يۈزىنى ياغلىقتا سۈرتۈڭ. بىرىگە ئىشلەتكەن ياغلىقنى يەنە بىرىگە ھەرگىز ئىشلەتمەڭ. ئاندىن ئۇلار سىزنى بىزگە ئەل بوپتۇ، دەپ بىلىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتا سىز ئۇلاردىن «بىزنىڭ جېنىمىز

MIRAS

ئۆزىمىز بىلەن، سىلەرنىڭ جىنىڭلار نەدە؟» دەپ سوراڭ.

قېدىر ئوغرى يىگىتنى يەنە ئېسىپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز قېدىر ئوغرىنىڭ دېگىنىچە ياغلىق تەييارلاپ دىۋىلەرنىڭ يۈزىنى سۈرتۈپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ بۇنداق قىلغانلىقىغا قاراپ «بۇ قىز بىزگە ئەل بولدى» دەپ ئويلاپتۇ. قىز ئاندىن ئۇلارنىڭ جېنىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى سورىغانىكەن، دىۋىلەرنىڭ بەزىلىرى قىزدىن گۇمانلىنىپتۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا، بۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى دېيىشىپ ئېيتىپ بېرىش قارارىغا كەپتۇ.

— بىزنىڭ جېنىمىز، — دەپتۇ دىۋىلەرنىڭ بىرى، — ئالتە ئايلىق يولدا بىر تۈپ يوغان چىنار بار، ئۇنىڭ ئۇستىدە بىر چاڭگا بار، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر جۈپ قاغا بالىسى بار، ئەنە شۇ بىر جۈپ قاغا بىزنىڭ جېنىمىز.

ئەتىسى ئۇلار چىقىپ كەتكەندە، قېدىر ئوغرى كېلىپ قىزدىن بۇ گەپلەرنى ئۇققۇۋاپتۇ-دە، بىر مۇللاق ئېتىپ ھېلىقى قۇش چاڭگىسى بار چىنار تۈۋىگە چۈشۈپتۇ. بۇ چاغدا دىۋىلەر كېلىپ يىگىتنى «زەھىرى تۈگىدى، ئەمدى يەيمىز» دەپ تۇرغانىكەن، شۇ چاغدا دىۋىلەرنىڭ گېلىمۇ سىقىلىشقا باشلاپتۇ. يەتتە دىۋە قىز بىلەن يىگىتنى تاشلاپ ئۇدۇل چىنار تۈۋىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. چىنار تۈۋىگە يېتىپ بارسا، قېدىر ئوغرى تۇرغىدەك. ئۇلار تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— قېدىر ئاكا، نېمە خىزمىتىڭ بولسا قىلساق، بىزنى ئۆلتۈرمىسەڭ، — دەپ يېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېدىر ئوغرى ئۇلارغا قىز بىلەن يىگىتنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. ئاندىن يەتتە دىۋىگە قاراپ:

— بۇلارنى ئۆز يۇرتىغا كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ شۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىسىلەر، — دەپتۇ. دىۋىلەر خۇش دەپ باش قويۇپتۇ. قېدىر ئوغرى ئىككى قاغا بالىسىنى يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ:

— ئەگەر گېپىڭلارغا كىرمىسە، قاغىنىڭ گېلىنى سىقىڭلار، — دەپتۇ.

شاھزادە بىلەن قىز يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۆز شەھىرىنىڭ يېنىغا بىر يەرگە چۈشۈپ، دىۋىلەرگە بىر شەھەر بىنا قىلدۇرۇپتۇ، ئاندىن دىۋىلەرنى ئازاد قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شاھزادە دادىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە مېھمانغا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ ۋە خانىش مېھمانغا كەپتۇ. شاھزادە بىلەن قىز ئۇلارنى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ، پادىشاھ قىزنىڭ سۈرەتتىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ «مەن شۇنچە يىل دۇنيا سەرپ قىلىپ تاپالمىغان قىزنى ئوغلۇم تېپىپ كەپتۇ» دەپ ئىچى تارلىقى كېلىپ، قىزنى بىر ئامال قىلىپ قولغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپتۇ.

پادىشاھ قىزغا ھەر خىل ئامال-چارىلەرنى قىلىپ بېقىپتۇ، بىراق نىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغاندىن كېيىن، ئوغلىغا سۇيىقەست قىلماقچى بوپتۇ-دە، بىر كۈنى ئوغلىنى ئوردىغا مېھمانغا چاقىرىپتۇ. قىز پادىشاھنىڭ يامان نىيىتىنى سېزىپ قېلىپ شاھزادىگە:

— سىز ئۇ يەرگە بارغاندا ھوشيار بولۇڭ، ئالدىڭىزغا قويۇلغان نەرسىلەرنى يېمەڭ، دادىڭىزنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، — دەپتۇ.

پادىشاھ ئوغلىغا چوڭ ھۆرمەت كۆرسىتىپ قارشى ئاپتۇ، مېھمان قىپتۇ، لېكىن شاھزادە ھېچ نەرسە يېمەپتۇ ھەم ئىچمەپتۇ. پادىشاھ غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرالماپتۇ. يىگىت قايتىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ، ئەۋەتكەن ئادەملەر شاھزادىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ، ئۇلار ئۇنىڭ تۇرالغۇ جايىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ ئاندىن ئۇنى مەخپىي ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن مېھمان بولغان بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قىز ئۇلارنى ئىللىق قارشى ئاپتۇ، بۇ ئەھۋال ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. ئۇلار پادىشاھنىڭ ئۆز ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقىغا غەزىپى كەپتۇ-دە، شاھزادىگە ھەممە گەپنى ئاشكارىلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز شاھزادىگە:

— بۇ ئىشنى ھەل قىلىشتا يا ئاتىڭىزدىن ياكى مەندىن كېچىشتىن باشقا يول يوق. ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت كۆپ ئويلىنىپ دادىسىدىن ۋاز كېچىپتۇ. خەلق بىردەك شاھزادىنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى تەلەپ قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ شاھزادە پادىشاھ، قىز خانىش بولۇپ يۇرتنى ئادىل سوراپ ئۆتۈپتۇ.

تەييارلىغۇچى: زۇلدىيار ياسىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ھۈنەرنىڭ خاسىيىتى

(چۆچەك)

قەدىمكى زامانلارنىڭ بىرىدە، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاۋات مەنزىرىلىك گۈزەل يېرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەتكەن، بالاغەتكە يەتكەن ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن، بۇ پادىشاھ كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر دوستىنىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋاپتۇ. ئەلچىلەر ئۆز رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلىشقاندىن كېيىن ئۆز-لىرىنىڭ مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلىپ، شاھنىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپتۇ.

شاھمۇ بۇ ئىشقا ئۆزىنىڭ رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-رۈپ:

— مەن بۇ ئىشقا رازى، لېكىن قىزىم ۋە ئۇنىڭ ئانە-سىنىڭمۇ رازىلىقىنى ئېلىپ ھەر بىرلىرىنىڭ تەلەپلىرىنى قان-دۇراي، — دەپ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت سوراپ ئۇلاردا ئىشلىرىنى ۋەزىرگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۆزى خانىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھ بۇ ئىشنى خانىشقا ئېيتىپتۇ، خانىشمۇ بۇ ئىشقا

ماقۇل كۆرۈپ قىزى بىلەن سۆزلىششكە ماقۇل بوپتۇ.

شاھ قىزى ئانىسىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سىلەر مېنى يامان يەرگە ياتلىق قىلمايسىلەر، بۇنى ئوبدان بىلىمەن. لېكىن مېنىڭ بىرلا شەرتىم بار، ئەگەر سىلەرمۇ ماقۇل كۆرسەڭلەر، مەنمۇ شۇ يىگىت بىلەن دىدارلىشىپ ئەقلى - ھوشىنى سىناپ باقسام، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىزنىڭ بۇ پىكرى شاھقىمۇ، خانىشقىمۇ ماقۇل كەپتۇ. ئەلچىلەر شاھتىن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ خۇشال - خۇرام، ئوچۇق - يورۇق ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېتىپتۇ. قىزنىڭ جاۋابنى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا يەتكۈزۈپتۇ، يىگىتمۇ چىرايلىق، قاۋۇل، ئەقىللىق، ئەدەپلىك ئىكەن، يىگىتنىڭ دادىسى ئۆز يارىشقىدا تەييارلىق قىلىپ، مەملىكەت ئىشنى خانىشقا تاپشۇرۇپ يىگىتنى ئېلىپ قىزنىڭ ئالدىغا مېڭىپتۇ.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۆز لايىقىدا كۈتۈۋاپتۇ، ئوردىغا چۈشۈرۈپ ھاردۇقىنى چىقىرىپتۇ، ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، بىر كۈنى قىز بىلەن يىگىتنى ئۇچراشتۇرۇپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئەقلى - ھوشىنى سىنىشىپتۇ. ھۆسن - جامالنى كۆرۈشۈپتۇ. ھەر ئىككىسى بىر تەكىيگە باش قويۇشقا قوشۇلۇپتۇ، بۇ خەۋەرنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇشۇپتۇ. ئۇلار شۇ خۇشاللىقىدا توينىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. تويدىن كېيىن يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى قىزنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ئۆزلىرى يۇرتلىرىغا قايتىپتۇ. بىر كۈنى قىز يىگىتتىن:

— سىزنىڭ بىلىمىڭىز ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل ئىكەن، شۇنىڭغا يارىشا كۈچ - قۇۋۋىتىڭىز، ئەقىل - ئىدراكىڭىزمۇ بار ئىكەن. ئەپسۇسكى، بىرەر ھۈنىرىڭىز يوق ئىكەن، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، يىگىت:

— شۇنداق، ھۈنىرىم يوق، — دەپتۇ.

— سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى بۇ ئىش ئۆزىگە تارتمىغان بولسا كېرەك. پۇل، مال - دۇنيا دېگەن سايىدەك تۇتۇرۇقسىز بىر نەرسە، ئالايلى، مېنىڭ دادام پادىشاھ، سىزنىڭمۇ دادىڭىز چوڭ شاھلاردىن. شاھلىق سەلتەنىتىنىڭ دۆشمىنى تولا، زامانىنىڭ ھادىسىلىرى كۆپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بايلىق بىزنىڭ ھاياتىمىزغا دالدا بولالمايدۇ، ھۈنىرىمىز بولسا، شۇنداق چاغلاردىمۇ جېنىمىزنى بېقىپ كېتەلەيمىز، — دەپتۇ مەلىكە.

شاھزادە مەلىكىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چوڭقۇر ئويلىنىپتۇ. كېيىن:

— بۇنى توغرا دېدىڭىز مەلىكەم، بۇ ئەقلىڭىزگە مۇۋاپىق تەكلىپ، مەن بۇرۇن بۇنى ئويلانماپتىكەنمەن، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ شاھزادە ئىككى - ئۈچ كۈن قاتتىق ئويلىنىپتۇ، ئاخىرى مەلىكىگە:

— مەلىكەم، مەن ئەتىدىن باشلاپ يۇقراچە ياسىنىپ، ئوردىدىن چىقىپ، شەھەر ئارىلاپ يۈرۈپ كاسىپلارنىڭ ھۈنىرىنى كۆرەي. ماڭا قايسى ھۈنەر ياقسا، شۇنى ئۆگىنىمەن، — دەپتۇ.

مەلىكە بۇ پىكرگە قوشۇلۇپتۇ. شاھزادە ئەتىسىدىن باشلاپ يۇقراچە ياسىنىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ. پۈتۈن شەھەرنى ئارىلاپتۇ. ئۇ كۆرمىگەن كۇلالچىلىق، ياغاچچىلىق، تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، زەرگەرچىلىك، مىسكەرچىلىك، نەققاشلىق، قۇيمىچىلىق قالماپتۇ. بۇ ھۈنەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولسىمۇ شاھزادىگە ياقماپتۇ. ئۇ شەھەرنىڭ چېتىنى ئارىلاپ يۈرۈپ بابكارچىلىقنىمۇ كۆرۈپتۇ، ئۇنىمۇ ئۆگىنىپتۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى قانائەتلەنمەپتۇ، ئاخىرى بېرىپ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ياشىنىپ قالغان بىر كىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆزى، خوتۇنى، ئوغلى، كېلىنى گىلەم توقۇيدىكەن. بۇ ھۈنەر شاھزادىگە يېقىپتۇ، شاھزادە بۇ گىلەمچى بوۋايغا ئۆزىنى شاگىرتلىققا ئېلىشنى ئۆتۈنۈپ قىپتۇ. بۇ شەھەردە شۇ كۈنلەردە مۇشۇ بوۋايدىن باشقا خالۋاپ (گىلەم توقۇغۇچى) يوق ئىكەن. گىلەمچىلىك ئۇنىڭغا ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ھۈنەر ئىكەن. بوۋاي يۇقراچە ياسانغان بۇ شاھزادىنى خۇشال - خۇرام شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ شاھزادە گىلەمچى بوۋاينىڭ ئۆيىدە يېتىپ - قوپۇپ ئۈچ ئايدا گىلەم توقۇشنى ئۆگىنىۋاپتۇ. گىلەمچى بوۋاي شاھزادىنىڭ ئىشنى سىناپ كۆرۈپ:

2018.2

www.uyghurkitap.com



— بالام، ئەمدى سىزمۇ بۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتتىڭىز، مەن سىزگە دۇكان ئېلىپ بېرەي دېسەم قولۇم قىسقا سەرمايىدىن قۇرۇقمەن. قولىڭىزدىكى بۇ بىر يۈرۈش سايمان ـ جابدۇق بىلەن ئۆز ئالدىڭىزغا بىرەر ئىش قىلىپ باقسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھزادە ئۇستىسىنىڭ ياخشى نىيىتىگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئاتىغان سوۋغىسىنى ئالدىغا قويۇپتۇ. ئاندىن ئۇستىسى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن خوشلىشىپ ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ. شۇ كۈنى ئۇ سارايغا كىرگەندە قېيىنئاتا ۋە قېيىنئانىسى، مەلىكە خاس سورۇن تۈزەپ غىزالىنىپ ئولتۇرغانىكەن، پۇقراچە كىيىنگەن بۇ يىگىتنى كۆرۈپ شاھ ئاۋۋال ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەپتۇ، كېيىن تونۇپ:

— بۇ نېمە ۋەقە؟ — دەپ قىزىدىن سوراپتۇ. مەلىكە ئەدەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ «ھۈنەر» توغرۇلۇق ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسلىھەتتىن دادىسىنى خەۋەردار قىپتۇ.

شاھزادىمۇ ئۆزىنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىش جەريانىنى سورۇندىكىلەرگە بىر قۇر بايان قىپتۇ. شاھ باشلىق شۇ سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى ماختاپتۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن شاھ ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىنى كۈيئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ. شاھزادىمۇ يۇرتنى ئەدلى ـ ئادالەت بىلەن ئوبدان سوراپتۇ. شاھزادە بوش ۋاقىت تاپسىلا پۇقراچە ياسىنىپ، ئەل ئارىسىغا كىرىپ، خەلق ئىچىدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپتۇ، ياخشى ئىشلارغا يول ئېچىپ بېرىپتۇ، يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە چۈشىدە ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆز يۇرتىنى كۆرۈپتۇ، ئەتىسى مەلىكە بىلەن بىللە كىرىپ ئاتا ـ ئانىسىدىن شاھزادىنىڭ يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپتۇ. ئۇلارمۇ بۇ ئىشقا قوشۇلۇپتۇ، خەزىنىدىن شاھزادىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا لايىق سوۋغا ـ سالاملىق نەرسىلەرنى ھەدىيە قىپتۇ. شاھزادە شاھلىقنى مەلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى سەپەر تەييارلىقىنى قىپتۇ، ياخشى كۈنلەرنىڭ بىرىدە خاس مەھرەملىرىدىن بىر نەچچىنى ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ.

شاھزادە بىر نەچچە كۈنلۈك يولنى خاتىرجەم بېسىپتۇ. بۇ يولنىڭ تۈگۈنىگە يېقىن بىر تاغ ئارىسىدا ئۇزاقتىن بېرى ھەر تەرەپكە قاتراپ كارۋانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەلگەن قاراقچىلار گۇرۇھى بار ئىكەن. بىر كۈنى كېچىسى شاھزادە ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ، بىر نەچچە مەھرىمى بىلەن شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئېلىپ ماڭغان نەرسىلىرى قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەھرەملىرىدىن بىرى قېچىپ بېرىپ بۇ ئىشنى مەلىكىگە يەتكۈزۈپتۇ. مەلىكە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ئەسكەر چىقىرىپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ كېلىشكە ماڭدۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇلار قاراقچىلار ئۇۋىسىنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ، بۇ ۋەقە ئوردا ئىچىدە ۋەھىمە پەيدا قىپتۇ.

قاراقچىلار بۇلارنىڭ كۆزلىرىنى تېڭىپ، قوللىرىنى باغلاپ، بىر ئاتقا ئىككىدىن مىندۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غارلىرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلاردىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ھۈنىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سوراپتۇ. ھۈنىرى بارلارنى ئۆڭكۈرلەرگە سولاپ ھۈنەرگە ساپتۇ، ھۈنىرى يوقلارنى باشقا تەرەپتىكى شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ «قۇل» دەپ سېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ ھۈنىرى قاراقچىلارغا يېقىپ قاپتۇ. ئۇ قاراقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا گىلەم توقۇشقا كىرىشىپتۇ. بۇ گىلەمنى شۇنداق ماھارەت بىلەن توقۇپتۇكى، قاراقچىلار گىلەمگە قاراپ ھەيران قاپتۇ. شاھزادە بۇ گىلەمگە قاراقچىلارنىڭ ئورۇنلاشقان مەنزىرىسىنى چۈشۈرگەنىكەن. ئۇنىڭ ئارىلىرىغا بولسا، ئۆزىنىڭ قاچان، قەيەردە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى، ھازىر قەيەردىلىكىنى نەقىشلىق خەت بىلەن توقۇغانىكەن.

قاراقچىلار بۇ گىلەمنى يۇقىرى باھادا سېتىش تەمەسى بىلەن شاھزادىنىڭ خانىشى بار شەھەرگە ئېلىپ كېلىپ بازارغا ساپتۇ. گىلەمنى كېلىپ كۆرگۈچى خېرىدارلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، باھاسى يۇقىرى بولغاچقا ھېچكىم ئۇنى ئالالماپتۇ.

بۇ خەۋەر مەلىكىگە يېتىپتۇ. شاھزادىنىڭ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىدىن تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرغان مەلىكە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن كۆڭلى نېمىدىندۇر

سۆيۈنگەندەك بولۇپ، سىياقىنى ئۆزگەرتىپ، بىر نەچچە
خاس مەھرەملىرى بىلەن بازارغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭغا
گىلەمنىڭ نېمىسدۇر تونۇشتەك بىلىنىپتۇ، باھاسىنى سۆزلە-
شىۋېتىپ مەلىكىنىڭ كۆزى گىلەمدىكى نەقىشلىك خەتلەرگە
چۈشۈپتۇ. ئۇنى بىر - بىرگە ئۇلاپ ئوقۇپ شاھزادىنىڭ
ھالىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. گىلەمنىڭ باھاسىنى كېلىشىپتۇ.
پۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىپ، قالغان يېرىمىنى خەزىنىدىن
ئېلىپ بېرىدىغان بولۇپ گىلەمچىنى ئوردىغا باشلاپ
ئېلىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە ئوردا ئەييارىنى قىچقىرىپ، گىلەم ساتقۇچىغا
خەزىنىدىن پۇل ئەپچىقىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئوردا ئەييا-
رى قالغان پۇلنى ئېلىپ چىقىپ بەرگەندىن كېيىن گىلەمچە-
نى ئۇزىتىپ يېنىپ كىرىپتۇ، مەلىكە ئۇنىڭغا:

— سېنى مەن بۇ ئادەمگە پۇل ئېلىپ چىقىپ بېرىشنى
بۇيرۇشۇمدىكى مەقسەت، بۇ ئادەمنى ئوبدان تونۇپ
ئالسۇن دېيىشتىن ئىبارەت. چوڭ چېگىش بىر ئىش مۇشۇ
ئادەم بىلەن باغلىنىشلىقتەك قىلىدۇ. سەن چىقىپ ئۇنىڭغا
كۆرۈنمەي يوشۇرۇن ئۇنى بايقىغىن، ئۇ شەھەردە يەنە
قەيەرلەرگە بارىدۇ، كىملەر بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىدۇ،
قەيەرگە كېتىدۇ، كەينىدىن ئىز بېسىپ يۈرۈپ ئۇنى
ئوبدان بىلىپ كەل، — دەپتۇ، ئوردا ئەييارى:

— خوپ مەلىكەم، — دەپ كىيىمنى ۋە تۇسىنى
ئۆزگەرتىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسەتمەي يۈرۈپ
كۆزىتىپتۇ. ئۇ ئوردىدىن چىقىپ شەھەر رەستىسىگە بېرىپ-
تۇ. ھەر خىل بوياق ۋە پاختا ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ-
تۇ. كېيىن بىر ئۆيدىن ئېگەر - يۈگەنلىك بىر ئاتنى ئېلىپ
چىقىپ، ئالغان نەرسىلىرىنى ئېگەرنىڭ كەينىگە بۆكتەر-
لەپ، ئېتىنى مىنىپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئەييارمۇ شۇ ئەتراپتىن
ئېگە - يۈگەنلىك بىر ئاتنى سېتىپ ئېلىپ ئۇنىڭ ئىزىدىن
قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدى-
كى بىر غاردىن ئۆتۈپ كەڭرى كەتكەن يايلاققا چىققانلىقى-
نى كۆرۈپتۇ. شۇ يەردە ئۇ ئېتىنى يايلاقتىكى ئاتلارغا قو-
شۇۋېتىپ، ئۆزى يان تەرەپتىكى بىر خادا تاشنىڭ تۈۋىگە
كېلىپ يوقاپ كېتىپتۇ. ئەييار بۇ يەرنىڭ تەسۋىرىنى سىزى-
تىنى ئېلىپ كېلىپ مەلىكىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرى-
نى بىر - بىرلەپ بايان قىپتۇ.

پادىشاھ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، باتۇر سەركەردى-
لىرى بىلەن خىل قوشۇنلىرىنى ئاتلاندۇرۇپتۇ. ئەييارنىڭ
يول باشلىشى بىلەن تاغ ئارىسىغا بېرىپ، ئۇ يەرنى ھەر
تەرەپتىن قورشاپ ئىسكەنجىگە ئاپتۇ. بۇ چاغدا قاراقچىلار
دۇنيادىن بىغەم ھالدا مەي - شاراب ئىچىشىپ مەست ھا-
لەتتە يېتىشقانىكەن. شاھنىڭ كىشىلىرى ئۆڭكۈرگە ئىچكى-
رىلەپ كىرىپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ سۆرەپ
سىرتقا ئېلىپ چىقىپتۇ.

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى شۇنداق كەڭرى، خۇددى بىر
سارايدەك ئازادە جاي ئىكەن. شاھ لەشكەرلىرى بۇلارنى
پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ ئۆڭكۈرگە
يانداش باشقا ئۆڭكۈرنى تېپىپ ئاختۇرۇپ يۈرۈپ، قاراق-
چىلار تەرىپىدىن بۇلانغان مال - مۈلۈك، دەپىنە - دۇنيا
ۋە ئادەملەرنى، شۇ قاتاردا كۈن نۇرى كۆرمەي گىلەم
توقۇۋاتقان شاھزادىنى قۇتۇلدۇرۇپتۇ. ئازاد قىلىنغان كى-
شىلەرگە مال - دۇنياسىنى بېرىپ يولغا سېپتۇ، قاراقچىلار-
نى شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ، شاھزادىنى
يەنە تەختكە چىقىرىپتۇ.

مەلىكىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆگەنگەن ھۈنەرنىڭ
خاسىيىتى بىلەن ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان شاھزادە
ئەل - يۇرتقا تەنتەنىلىك چاي بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى
ھۈنەرۋەنلەرگە ئۆز لايىقىدا سوۋغا تارتۇق قىپتۇ. گىلەم-
چى بوۋايغا بولسا، ئۆز ھۈنىرىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش
ئۈچۈن خەزىنىدىن يېتەرلىك پۇل - مال بېرىپتۇ، ئۇنىڭ
بۇ ئىشى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. شۇڭا ئۇلار بۇ شاھ-
زادىگە ياخشى تىلەكلەر تىلەپتۇ، شاھزادىمۇ قالغان ئۆمرى-
نى مەلىكە بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ.

**توپلىغۇچى: مېھرىگۈل قادىر**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئويتاغلىقلارنىڭ توي - تۆكۈن ئادەتلىرى



**داۋۇتجان سەيدى**

ئويتاغ ـــ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ يېزىسى بولۇپ، توي - تۆكۈن ئادەتلىرىدە باشقا جايلارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە قائىدە - يوسۇنلار ساقلىنىپ كەلگەن.

ئويتاغلىقلار ئادەتتە باللار تۇغۇلغاندىن كېيىن ئات تويى، بۆشۈك تويى، خەتنە توي، قىز - يىگىتلەرنىڭ تويى، قاتارلىق توي - مۇراسىملارنى ئۆتكۈزىدۇ.

ئويتاغلىقلار قىز - يىگىتلەرنىڭ توينى ئەڭ مۇقەددەس ئىش دەپ بىلىدۇ. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ قارايدۇ.

ئويتاغلىقلار پەرزەنتلىرىنىڭ توينى ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە قائىدە - يوسۇنلۇق، خۇشال - خۇرام، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزىدۇ.

ئويتاغلىقلار توينى ئاددىي - ساددا ئۆتكۈزىدۇ، داغۋازلىق، ھەشەمەتچىلىك قىلمايدۇ. ئىككى ياشنىڭ بەختلىك ئىناق ئائىلە قۇرۇشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ.

ئويتاغلىقلار توينى ئىنتىپاقلىق، ئىناقلىق ئاساسىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر قۇدىلاشقان تەرەپ بىلەن جەمەتىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئوتتۇرىسىدا ئارازلىق، ئاداۋەت بولغان بولسا ئالدى بىلەن تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەپۇ سورايدۇ ۋە ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى تۈگىتىپ بولۇپ ئاندىن توي ئىشىنى ئويلىشىدۇ.

ئويتاغلىقلار يەنە تويغا باشقا يۇرتلاردىن مېھمان چاقىرىش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى يۇرتلار بىلەن بولغان دوستانە ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەر بىلەن ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئويتاغلىقلار تويدا تاتلىق چاي ئىچىشنى ياخشى ئىش دەپ قارايدۇ. شۇڭا تويدا باشتىن - ئاخىر قەنت - ناۋات بىلەن دەملەنگەن تاتلىق چاي قۇيۇلىدۇ. تويدا تاتلىق چاي ئىچسە قىز - يىگىتنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشى تاتلىق شېرىن، خۇشال - خۇرام ئۆتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئويتاغلىقلارنىڭ توي ئىشلىرى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

1. قىز دىتلاش: ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلى

ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ تاپقان لايىقىغا ھۆرمەت قىلىپ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

2. گەپ ئېيتىش: ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى بولغۇسى كېلىن قىزنى دىتلاپ بولغاندىن كېيىن داستىخان تەييارلاپ ئائىلىدىكى چوڭلار ياكى يېقىن تۇغقانلاردىن بىر - ئىككى كىشىنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گەپ ئېيتىدۇ. يەنى «بېشى بوش بولسا قىز سورايمىز، بېشى باغلاقلىق بولسا ئۆززە سورايمىز» دەيدۇ. بۇ گەپ ئېيتىش بولىدۇ. قىز تەرەپ گەپ ئېيتىپ كەلگەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ ۋە قىزنىڭ پىكرىنى ئېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى ئىززەت - ئىكراملار بىلەن يولغا سالىدۇ. قىز تەرەپ، قىزنىڭ سەمىگە سېلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن مەسلىھەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قوشۇلمىسا مۇۋاپىق بىر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئوغۇل تەرەپنى رەنجىتمىگەن ئاساستا چىرايلىقچە رەت قىلىدۇ. بۇ گەپ شۇ جايدا قالىدۇ. ماقۇل كۆرسە ئوغۇل تەرەپكە قۇدىلىششقا قوشۇلغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىدۇ.

3. چاي ئىچۈرۈش: قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى لايىقىدا تەييارلىق قىلىدۇ. يەنى ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىش ئۈچۈن بىر قوينى سويۇپ پىشۇرىدۇ. ھەر خىل تائاملار ۋە يەل - يېمىش، قەنت - ناۋات، كەمپۈت قاتارلىق تاتلىق- تۈرۈملاردىن قىلىپ توققۇز تاۋاق داستىخان تەييارلايدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرسە قىزغا ئاتاپ بىر دانە ئالتۇن ئۈزۈك ۋە بىر قۇر كىيىم تەييارلايدۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئۇلارنىڭ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا قويۇش ئۈچۈن بىر كىيىملىكتىن رەخت ياكى كىيىم - كېچەك تەييارلايدۇ. ئاندىن مۇۋاپىق بىر كۈننى تاللاپ، ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئېلىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە رەسمىي يوسۇندا ئەلچىلىككە بېرىپ چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. قىزنىڭ ئائىلىسىمۇ يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تەكلىپ قىلىدۇ. ئوبدان تەييارلىق قىلىپ مېھمانلارغا كەڭرى داستىخان سالىدۇ. يەنى قىز تەرەپمۇ قائىدە بويىچە بىر قوي سويۇپ مېھمانلارغا بېغىر قۇيرۇق، گۆش تارتىدۇ، ھەر خىل تائاملارنى ئېتىپ ئەلچىلىككە كەلگەن مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋالىدۇ.

ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن توققۇز تاۋاق بىلەن بىرلىكتە كىيىم - كېچەك ۋە رەختلەرنى بىر - بىرلەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. بۇ قىزغا «چاي ئىچۈرۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چاي ئىچۈرۈلگەن قىزنىڭ بېشى باغلانغان بولىدۇ.

ئاخىرىدا توينىڭ ۋاقتى، قوناق (يىراقتىن كېلىدىغان مېھمان) چاقىرىش قاتارلىق ئىشلار قىسقىچە مەسلىھەت قىلىنىدۇ.

ئۇيتاغدا ئەلچىلىككە بارغاندا پەقەت ئوغۇل تەرەپلا قىز تەرەپكە سوۋغا- سالام بېرىدۇ، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپكە ياندۇرۇپ سوۋغا- سالام قايتۇرىدىغان ئادەت يوق.

4. لازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش — تويدىن بىر - ئىككى كۈن بۇرۇن، ئوغۇل تەرەپ تويغا سويۇش ئۈچۈن قوتاز ياكى بىر نەچچە قوي، ئۆچكە، ئاش سۈيى ئۈچۈن ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، ماي، نەچچە ئېشەك ئوتۇن قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى كۆيئوغۇللار ئارقىلىق (باشقا تۇغقانلار بولسىمۇ بولىدۇ) قىز تەرەپكە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەنە توينىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىغا پىششىق، پۇتقولى چاققان، مېھمان ئۇزىتىشقا ئېپى بار، بىر نەچچە كىشىنى قوشۇپ قىزنىڭ ئۆيىگە خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتىدۇ. قىز تەرەپ لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ بېلىگە تاۋار بەلباغ باغلايدۇ. ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلىدۇ.

5. قوناق قوندۇرۇش: ئۇيتاغلىقلارنىڭ چوڭ تويىدا باشقا يۇرتلاردىن مېھمان چاقىرىلىدۇ. تەكلىپنامىگە «توينىڭ ئالدىنقى كۈنى ئوغلاق تارتىشىش مەشرەپ ئويۇنلىرى بار، كەچتە قوناق قوندۇرۇلىدۇ» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىلىدۇ. تويغا چاقىرىلغان مېھمانلار توينىڭ ئالدىنقى كۈنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يېتىپ كېلىپ، ئوغلاق تارتىشىش، مەشرەپ ئويناش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتنىشىدۇ. كەچتە ئوغۇلنىڭ ئۆيىدە بارلىق مېھمانلارغا چاي بېرىلىدۇ ۋە چايدىن كېيىن قوناق تەقسىم قىلىنىدۇ. يەنى ئوغۇل تەرەپتىن مەخسۇس بىر ئادەم قوناققا كەلگەن مېھمانلارنى ئۇدۇللۇق تىزىملايدۇ. قوناق قوندۇرىدىغانلارمۇ شۇ ئۆيدە ھازىر بولۇپ قوناق ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ تىزىملىتىدۇ. ساھىبخانا مېھمانلارغا چاي بېرىپ بولغاندىن

uyghurkitap.com



كېيىن كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان مېھمانلار چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن، قالدۇرۇپ قويماي قوناققا تەقسىم قىلىنىدۇ. ئادەتتە چوڭلارنى باش قىلىپ، ئون ئادەم بىر قوناق قىلىنىدۇ. سورۇندا كىملەرنى قايسى كىشىنىڭ قوناق ئالغانلىقى ئېنىق ئۇقتۇرۇلىدۇ ھەم قوناق (مېھمان) تىزىملىكى قوناق ئالغان كىشىنىڭ قولىغا بېرىلىدۇ. قوناق ئالغۇچى تىزىملىكتىكى ئىسىم بويىچە مېھمانلارنى ئۆيىگە تولۇق ئېلىپ بېرىپ، قوي سويۇپ مېھمان قىلىپ قوندۇرىدۇ. توي ئىگىسى شۇ كۈنى كەچتە ئالايىتەن قوناق قونغان ئۆيلەرگە بىرمۇبىر بېرىپ مېھمانلاردىن ئەھۋال سورايدۇ. قوناق قوندۇرغۇچى ئەتىسى ئەتىگەنلىك تائامدىن كېيىن مېھمانلارنى توي ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارىدۇ. ئويتاغدا قوناققا سويۇلىدىغان قوينى توي ئىگىسى بەرمەيدۇ، قوناق قوندۇرغان كىشى ئۆزى سويىدۇ.

6. قۇدىلارنىڭ يۈز كۆرۈشۈشى: ئويتاغدا توي ئاساسەن قىزنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي كۈنى ئەتىگەندە ئوغۇل تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە تويغا كەلگەن مېھمانلارنى ئېلىپ، كېلىن يۆتكەش ئۈچۈن قىزنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا ئوغۇل تەرەپ تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئىنچىكە، پۇختا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1) بوخچا كۆتەرتىش: قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىشتا ئوغۇل تەرەپ كۈيئوغۇللارغا بوخچا كۆتەرتىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئائىلىسىدىكى چوڭ كۈيئوغۇل كېلىننىڭ تويلۇق سەپ (تويلۇق كىيىملىرى) قاچىلانغان بوخچىسىنى كۆتۈرىدۇ. قالغان كۈيئوغۇللار (نەۋرە كۈيئوغۇللار بولسىمۇ بولىدۇ) قىزنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلىدىغان، نان، كىشمىش، قەنت - ناۋات، مېۋە - چېۋە قاچىلانغان قاپ - تاغار، داستىخانلارنى كۆتۈرىدۇ، بۇ بوخچا كۆتەرتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

2) چاي كۆتەرتىش: ئوغۇلنىڭ ئاچا - سىڭىللىرى، كېلىنلىرى (نەۋرە كېلىنلەر بولسىمۇ بولىدۇ) بولۇپ تۆت ياكى سەككىز ئايالغا چاي كۆتەرتىدۇ. يەنى ھەر بىر ئايالغا بىردىن لېگەن ياكى پەتنۇس كۆتەرتىدۇ، لېگەن ئۈستىگە چىرايلىق شارپا ياكى ئايالالارنىڭ باش ياغلىقى ئېچىپ سېلىنىپ ئۈستىگە ناۋات چاي قۇيۇلغان بىر تال پىيالە قويۇلىدۇ. ئارىلىق يىراق بولسا ناۋات چاي چايدان بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، قۇدىلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە پىيالىلەرگە قۇيۇلىدۇ، بۇ چاي كۆتەرتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

3) تېكە كۆتەرتىش: خۇش چاقچاق، شوخ، ئۇسسۇلچى كىشىلەردىن ئىككى ياكى تۆت كىشىگە لېگەن تاۋاق بىلەن «تېكە» كۆتەرتىدۇ. بۇ «تېكە»لەر مەخسۇس تېكە ياسايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن بۇغداينىڭ خېمىرىدا ياغ بىلەن پىشۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ. ئاندىن لېگەن تاۋاق ئۈستىگە پاكىز تاۋار ياغلىق سېلىنىپ، ياغلىق ئۈستىگە ئويتاغنىڭ يەرلىك نېنى بولغان ئويما نان قويۇلىدۇ. ئويما نان ئۈستىگە تېكە تۆت پۇتى بىلەن دەسسىتىپ تۇرغۇزۇلىدۇ. مۈڭگۈزلىرىگە قىزىل لېنتا چىگىلىدۇ، پورەكلەپ ئېچىلغان سەبدەر گۈللىرى قىسىپ قويۇلىدۇ.

7. توي مەشرىپى: قۇدىلار يۈز كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت قولداشلىرى بىلەن يېتىپ كېلىدۇ. مەشرەپچىلەر ئەلنەغمىنى باشلايدۇ، مېھمانلار دەرھال سورۇن تۈزەپ بىر پەدە توي مەشرىپى ئوينايدۇ. قىز - ئوغۇل تەرەپتىن تېكە كۆتەرگۈچىلەر لېگەن تاۋاقلار بىلەن تېكىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. نەغمە ئۇسسۇل ئەۋجگە چىققاندا ئۇسسۇلچىلار لېگەن تاۋاقلار بىلەن تېكىلەرنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ توي ئەھلىگە كىشمىش چاچىدۇ. ياشلار باللار چاچقۇلار بىلەن تېكىلەرنى تالىشىپ يېيىشىدۇ. ئايال قۇدىلار بىر - بىرىگە چاي تۇتۇشۇپ بېيىت ئېيتىشىدۇ.

8. ئاش - گۆش تارتىش: توي مەشرىپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ تويىنىڭ ئاش - گۆشىنى تارتىدۇ. داستىخانلارغا كىشمىش - قەنت - گېزەك چېچىلىدۇ. كۈيئوغۇل قولداشلىرى بىلەن قوشنا ئۆيگە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ھەر خىل تائاملار بىلەن ئالاھىدە مېھمان قىلىنىدۇ. قەنت - ناۋات بىلەن دەملەنگەن تاتلىق چاي قۇيۇلىدۇ، قىزمۇ قولداشلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايرىم ھۇجرىسىدا ئاش - گۆش، تاتلىق - تۈرۈملار بىلەن كۈتۈلىدۇ.

9. بوخچا ئېچىش: قىزنىڭ ئۆيىدە مېھمانلارغا ئاش - گۆش تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاياللار بىر ئۆيگە يىغىلىپ بوخچا ئاچىدۇ، يەنى ئوغۇل تەرەپتىن گەپكە ئۇستا بىر ئايال بوخچا ئېچىپ كېلىنگە ئالغان تويلۇق سەپى (بىر نەچچە قۇر كىيىم - كېچەك، ئەھۋالغا قاراپ ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى)نى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ، قىزلىققا تاپشۇرىدۇ. قىز تەرەپتىنمۇ

گەپ قاملاشتۇرالايدىغان بىر ئايال قىزلىقنىڭ كۈيۈئوغۇل ئۈچۈن ئالغان بۇيۇملارنى ئوغۇلنىڭ ئانىسىغا تاپشۇرىدۇ. ئاندىن يەڭگىلەر (قىز تەرەپتىن كۈيۈئوغۇلنى كۈتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كېلىنلەر) تويلۇق كىيىملەرنى ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىدۇ. قولداشلىرى ئۇلارغا تويلۇق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ دەرھال ياساپ جابدۇيدۇ. ئوغۇل تويلۇق كىيىمنى كىيىپ، قىز ئالاھىدە تەييارلىغان قىزىل ياكى يېشىل رەڭلىك تاۋار ياكى دۇخاۋا پوتا بەلباغنى بېلىگە باغلايدۇ، شۇنداقلا ئوغۇلنىڭ قولداشلىرىنىڭ بېلىگىمۇ توي قىلغان يىگىتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تاۋار بەلباغ باغلىنىدۇ، بېلىدىكى بەلباققا قاراپلا توي بولغان يىگىتنىڭ قايسى يىگىت، قايسى كۈيۈقولداش ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

توي ئەھلى بۇلارنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ، ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشىدۇ. گۇۋاھچىلار بىر چىنىدىكى تۇز سۇيىگە ئىككى توغرام ناننى مىلەپ، بىر توغرامچىسىنى ئوغۇلغا، بىر توغرامچىسىنى قىزغا يېگۈزىدۇ. ئارقىدىن بىر چىنىدىكى سېرىق ماي ئوغۇل ۋە قولداشلىرىغا تۇتۇلىدۇ. ئۇلار ئەدەپ بىلەن بىر پارچىدىن سېرىق ماينى ئاغزىغا سالىدۇ. يەنە بىر چىنىدىكى سېرىق ماي سورۇندىكىلەرگە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارمۇ بىر تالدىن سېرىق ماي يەيدۇ. تۇزدىن كېيىن سېرىق ماي يېيىشتىكى مەقسەت تۇز بىلەن ئېغىز ئاچچىق بولسا سېرىق ماي يەپ تاتلىق بولىدۇ.

قىز تەرەپ تويغا قاتناشقان مېھمانلارغا كۆينەك، ياكى بىر كىيىملىكتىن رەخت قويۇپ قويىدۇ.

10. سالام بېرىش: ئاخىرىدا ئوغۇل، قولداشلىرى بىلەن قېيىنئاتا، قېيىنئانىسىغا سالام بېرىدۇ. پاياندازنى دەسسەپ چوڭلار سالامنى ئىلىك ئېلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىدۇ. قىزنىڭ ئانىسى كېلىپ كۈيۈئوغۇلنىڭ قولىغا ۋە پېشانىسىگە سۆيۈپ شوگۇم قىلىدۇ. قېيىنئانا كۈيۈئوغلىغا بىر چىنىدە سېرىق ماي تۇتىدۇ. كۈيۈئوغۇل سېرىق مايدىن بىر توغرامچىنى ئېلىپ ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلايدۇ. ياغ ئوتتا پاژژىدە كۆيۈپ ئۆي ئىچىدە مەززىلىك سېرىق ماي ھىدى پۇرايدۇ. بىر توغرامچىنى ئاغزىغا سالىدۇ، كۈيۈقولداشلارمۇ سېرىق مايدىن بىر توغرامچىدىن ئاغزىغا سالىدۇ.

11. قىز كۆچۈرۈش: ئوغۇلنىڭ قولداشلىرى قىزغا بېرىلگەن يوتقان ـ كۆرپە، تەكىيە ـ ياستۇق، گىلەم ـ كىگىز، بوخچا ـ ساندۇق قاتارلىق بۇيۇملارنى ئات ـ ئۇلاغلارغا ئارتىپ (ھازىر ماشىنا بىلەن يۆتكەيدۇ) قىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ مېڭىشنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى ھۇجرىسىدىن كېلىننى ئېلىپ ھويلىغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا قىز بوسۇغىدىن ئاتلىماي تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن يىغلاپ خوشلىشىدۇ.

كېلىننى كۆچۈرۈپ ئېلىپ بارىدىغان يولغا كىچىك باللار، ياشلار ئوت قالاپ، ئارغامچا تارتىپ كېلىننىڭ ئالدىنى توسىدۇ. ئۇلارغا دوپپا، ياغلىق، بەلباغ ياكى قەنت ـ گېزەك بەرگەندىن كېيىن يولنى ئېچىپ بېرىدۇ.

كېلىن ئوغۇلنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە كۈيۈقولداشلار ئۆگزىگە چىقىپ كېلىن بىلەن بىللە كەلگەن قىز ـ چوكانلارنىڭ بېشىغا قەنت ـ گېزەك، كىشمىشلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ چاچقۇ چاچىدۇ. ئۆي ئىچىدىكىلەر يەنە دەرۋازىنى تاقىۋالىدۇ. قىزنىڭ ئاچا، يەڭگىلىرى دەرۋازا تاقىغانلارغا ئالدىنقىغا ئوخشاش ھەدىيە بەرگەندىن كېيىن دەرۋازىنى ئاچىدۇ.

كېلىن ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن، ئايۋان ئۆينىڭ تۆرىگە يېكەنداز ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. يۈزىگە ئاق غىجىم رومال يېپىۋالىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىكىلەر ياكى كۈيۈقولداشلار ئېغىرراق تاش ياكى تاش تۇز بىلەن قىزنىڭ ئىككى پېشىنى باستۇرۇپ قويىدۇ. بۇ — بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ، مۇشۇ ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ، تۇرۇپ قالسۇن، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېلىننىڭ ئۈتۈكىنىڭ ئىچىگە يىلىم سېلىپ قويىدۇ. بۇ — يىگىت بىلەن قىزنىڭ يىلىمدەك چاپلىشىپ، بىر جان بىر تەن بولۇپ ئايرىلماس، ئامراق ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. ئاندىن قىز يۆتكەپ كەلگەن مېھمانلارغا داستىخان سېلىپ ئۇماچ بېرىلىدۇ. بۇ پوتلا ئۇمەچى دەپ ئاتىلىدۇ. (ھازىر ئۆگرە، چۆچىرە، شوۋىگۈرۈچ قاتارلىق سۇيۇقئاش ئېتىلىدۇ، ھاردۇق ئېشى دەپ ئاتىلىدۇ.)

12. چاي پىشتى مەشرىپى ئۆتكۈزۈش: كېلىن يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنى كەچتە، قىز، ئوغۇلنىڭ قولداشلىرى ۋە ياشلار جەم بولۇپ چاي پىشتى مەشرىپى ئوينايدۇ. يەنى قەنت ـ ناۋات بىلەن تاتلىق چاي دەملىنىدۇ. قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىگە پىياللەردە چاي تۇتۇپ، بېيت ئېيتىشىدۇ. نەغمە ئۇسسۇل قىلىشىدۇ. بۇ — چاي پىشتى مەشرىپى دەپ ئاتىلىدۇ. چاي پىشتى مەشرىپىنىڭ بېشىدا قېيىنئانا ياكى ئوغۇلنىڭ ھەمشىرىلىرى بېيت ـ قوشاق بىلەن ياكى

ئۇسسۇل ئويناپ كېلىپ، كېلىننىڭ يۈزىنى غىجىم رومالنى قايرىپ ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىش تامام بولىدۇ. ئاندىن قىز يىگىت ئۇسسۇل ئويناپ مەشرەپنى باشلاپ بېرىدۇ. يىگىت، قىزلار بېيىت ئېيتىپ بىر - بىرىگە چاي تۇتىدۇ، قارشى تەرەپ چاينى ھۆرمەت بىلەن ئېلىپ ئىچكەندىن كېيىن، يەنە بېيىت-قوشاق بىلەن پىيالىنى ئىگىسىگە ياندۇرىدۇ. ئەگەر دەل ۋاقتىدا ھازىر جاۋابلىق بىلەن بېيىت ئېيتىپ قايتۇرالمىسا، نەق مەيداندا قىزىقچىلىق قىلىپ بىرەر نومۇر ئورۇنلايدۇ. قىسقىسى قانداق ھۈنىرى بولسا كۆرسىتىپ مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ. بەزى قىز يىگىتلەر چاي تۇتۇپ بېيىت ئېيتىش ئارقىلىق ئۆزئارا كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىدۇ. بەزىلىرى چاقچاق، ھەجۋىي قوشاق بېيىتلەر ئېيتىپ بىر - بىرىنى چىقىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەشرەپ قىزىپ قىياس - سۈرەن ئەۋجىگە چىقىدۇ. چاي پىشتى مەشرىپى ياشلارنىڭ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئويۇنى بولغاچقا، مەشرەپكە قاتناشقانلار ئۆزئارا قىلىنغان چاقچاقلارغا چىدايدۇ. مەشرەپتە ئەدەپ-قائىدىلىك بولۇش تەكىتلىنىدۇ، شەرم - ھاياغا ئالاھىدە دىققەت قىلىنىدۇ، ئاداۋەت پەيدا قىلىدىغان، كۆڭۈل ئاغرىتىدىغان ئىشلاردىن مۇمكىن قەدەر ساقلىنىلىدۇ.

13. ئۆتەك سالدۇرۇش: چاي پىشتى مەشرىپى كەچتە ئاخىرلىشىدۇ. مېھمانلار تارقىغاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىزغا يېڭى يوتقان - كۆرپە تەكىيەلەر بىلەن تۆشەك سېلىنىدۇ. ئالدى بىلەن، يىگىت قىزنىڭ ئۆتىكىنى سالدۇرۇپ قويىدۇ. ئاندىن قىز يىگىتنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئىش - يېڭىدىن باش قوشقان يىگىت بىلەن قىز ئوتتۇرىسىدىكى تارتىنىشنى تۈگىتىدۇ. ئۇلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزئارا ھەمدەمدە بولۇپ، بىر ئائىلىدە ياشايدىغانلىقنى، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يېتىپ، ئۆزئارا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇش كېرەكلىكىنى، بىر - بىرىگە مەسئۇل بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ خىزمىتىدە بولىدىغانلىقنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

14. يوقلاق — توينىڭ ئەتىسى قىزنىڭ يەڭگىلىرى ھەر خىل تائاملاردىن توققۇز تاۋاق تەييارلاپ ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئىسسىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ «ئىسسىق ئاپىرىش»، ياكى «يوقلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. تائام تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن يىگىت ۋە قولداشلىرى داستىخانغا پۇل تاشلايدۇ. بۇ پۇل - توي جەريانىدا يەڭگىلەرنىڭ قىلغان خىزمىتىگە ھەشقالالا، رەھمەت ئېيتىپ قىلىنغان ھەدىيە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ شۇڭا بۇ پۇللارنى يەڭگىلەر ئالىدۇ.

15. چىللاق — تويدىن كېيىن ئالدى بىلەن قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنى ئۇرۇق - تۇغقان يېقىن - يورۇقلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆيىگە چاقىرىدۇ. چىللاقتىمۇ قوي سويۇلۇپ ئاش گۆش تارتىلىدۇ. ئۆپكە - ھېسىپ قويۇلىدۇ. خىلمۇخىل تائاملار بىلەن مېھمانلار ياخشى كۈتۈلىدۇ. كۈيئوغۇل بۇ ئۆيدە مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، چاي قۇيۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بۇ كۈيئوغۇلنىڭ شۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئارقىدىن ئوغۇل تەرەپ، قىز تەرەپ قۇدىلارنى ئۆيىگە چاقىرىدۇ. قىز تەرەپمۇ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرىنى باشلاپ ئوغۇل تەرەپ قۇدىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپمۇ قوي سويۇپ قىزلىق قۇدىلارنى ھەر خىل تائاملار بىلەن ئوبدان كۈتۈۋالىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئانىسى يېڭى كېلىنىگە يەجمەن قىلدۇرۇپ مېھمانلارغا تۇتىدۇ. «يەجمەن» — ئويتاغلىقلارنىڭ يەرلىك تامىقى بولۇپ، ئىسسىق زاغرا نان بىلەن سېرىق ماي ئارىلاشتۇرۇلۇپ مىجىپ تەييارلىنىدۇ. ئويتاغلىقلار يېڭى كېلىن تۇنجى قېتىم يەجمەن قىلىپ سېرىق ياغ مىجىسا، قولى مەززىلىك، تەملىك بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئويتاغدا يېڭى كېلىنگە دەسلەپتە يەجمەن قىلدۇرۇپ ياغ مىجىتىدىغان ئادەت بار.

16. قىچىرىق — چىللاقتىن كېيىن توي ئاخىرلىشىدۇ. ئىككى تەرەپتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلار مۇۋاپىق پۇرسەتتە بۇ يېڭى تويى بولغان قىز يىگىتنى ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ. بۇ «قىچىرىق» دەپ ئاتىلىدۇ. مېھماندارچىلىقتا ئالدى بىلەن چۆچىرە ئېتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ بۇلارنى چۆچىرەدەك باللىق بولسۇن، دېگەن ياخشى تىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. «قىچىرىق» بىلەن، قىز يىگىت ئىككى تەرەپتىكى تۇغقانلار بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلارغا ئۆزلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئايلىنىدۇ.

مۇھەررىر: خۇرسەنئاي مەتىمىن

MIRAS

# سېغىنىش



ئۇزاق بولدى كۆيگىلى،
ھېچ بولمايدۇ كۆرگىلى.
ئەھۋالىمنى ئۇقمايسىز،
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.

بىر ئېتىزغا گۈل تېرىدىم،
بىر ئېتىزغا يۆگمەچ.
چىرايىم سېرىق بولدى،
سەن يارىمنى كۆرمىگەچ.

گۈللۈك باغدا ئولتۇرسام،
بۇلبۇل قوندى باشىمغا.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزۈم تولدى ياشىمغا.

خەتنى يازدىم ئولتۇرۇپ،
ئاق قەغەزنى تولدۇرۇپ.
خېتىم كەتتى، مەن قالدىم،
غېرىبلىقتا ئاھ ئۇرۇپ.

بۈگۈن ئايغا ئون يەتتە،
ئايدىڭ بولماي تاڭ ئاتتى.
يار ئۇتتى يامان ئىكەن،
مېنى ھەر يان قاراتتى.

ئالما بەردىم قولۇڭغا،
كۆيۈپ قالدىم خۇيۇڭغا.
نىچاغىچە قارايمەن،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا؟

ئېتىزدىكى قوناقنى،
سۇ كەلگەندە تاقلايمەن.
يانچۇقتىكى ناۋاتنى،
ئۆز يارىمغا ساقلايمەن.

كۆز پەسلى بولۇپ قاپتۇ،
غازاڭلار چۈشۈپ قاپتۇ.
ئامرىقىم، چىرايلىقىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

مەن ئۆزۈم باراي چۆلگە،
قوش موللاق ئېتەي كۆلگە.
يار دەردى يامان ئىكەن،
مەيدەمنى ياقاي ھۆلگە.

قىزىلگۈل ئېچىلغۇچە،
غۇنچىسىنى قىسىپ تۇرۇڭ.
ئايرىلغىلى ئۇزاق بولدى،
رەنجىمەي كۈتۈپ تۇرۇڭ.

رومالىمنى يۇدۇردۇم،
گۈل شاخىغا يايدۇردۇم.
يار دەردى يامان ئىكەن،
يىغلاپ يالغۇز ئولتۇردۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشخانىدا ئولتۇرسام،
چىن تەخسىدە ئاش كەلدى.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.

مەن بۇزاڭدىن قالسام،
قۇرىمىدى ساينىڭ تېشى.
ئەتىدىن ئاخشامغىچە،
قۇرۇمىدى كۆزنىڭ يېشى.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاناتىدا خەت كەتتى.
يارىم بولسا پات كەلسۇن،
بۇ يۈرەككە ئوت كەتتى.

ئۇ چۆنەككە گۈل تېرىدىم،
بۇ چۆنەككە ئوسمىنى.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن،
بەك سېغىندىم يار سېنى.

يارىم بەرگەن شۇ مارجان،
كېچە كۈندۈز بوينۇمدا.
مەن يارىمغا ساقلىدىم،
بىر جۈپ ئالما قوينۇمدا.

ئاق ئاتمىنىڭ بالىسى،
كۆك ئاتمىنىڭ بالىسى.
سىزگە نۇرغۇن خەت يازدىم،
يەنە قالدى چالىسى.

خوپمۇ خوش ياراشپتۇ،
ئوق ئۆستەڭدە تىزغان تاش.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزدىن ئاقتى دەريا ياش.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سېپىل ياقىلاپ سايراپ.
كۆزلىرىم تېلىپ كەتتى،
يارنىڭ يولىغا قاراپ.

ئالمىلار پىشىپ قاپتۇ،
تۆۋىگە چۈشۈپ قاپتۇ.
خۇمار كۆزلۈك شۇل يارىم،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ،
يېقىملىق ئۈنى بىلەن.
بىزنىڭ يار كېلەر ئەمدى،
دېيىشكەن كۈنى بىلەن.

جىگدىلىكتىن شاخ كەستىم،
چىتلىغىلى باغىم يوق.
غېرىبلىقتا ناخشا ئېيتسام،
ئاڭلىغىلى يارىم يوق.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
مېۋىسى ناۋات بولسا.
يارىمنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا.

قىپقىزىل ئالما بولۇپ،
يار قوينىغا چۈشكۈم بار.
يارىم بىر كەلسۇن دېسە،
قانات ياساپ ئۇچقۇم بار.

ئالتە ئاي ياتتىم زىندانىدا،
نان پىشۇردۇم سامانىدا.
مەن يارىمنى كۆرەلمەي،
ئۆلەرمەنمۇ ئارمانىدا؟

ئالتە پىلتە يىپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقۇشقا.
قامالاشمىغان خەت يازدىم،
قامالاشتۇرۇپ ئوقۇشقا.



توشقان ئۇۋىسى باغدا،
چەنلىدىم، ئاتالمىدىم.
يار ئېسىمگە چۈشكەندە،
تولغىنىپ ياتالمىدىم.

ئېتىمنى قويۇپ بەردىم،
كۆرۈنگەن دالا ـ تۈزگە.
كۆرسەڭلار سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قارا كۆزگە.

يارىم كەتتى يىراققا،
چاقىرسام ئۈنۈم يەتمەس.
يارنى خىيال ئەيلىسەم،
گېلىمدىن غىزا ئۆتمەس.

لاچىن ئىدىم سا بولدۇم،
ئەل يۇرتىدا خار بولدۇم.
يىراقتىكى يارىمنى،
بىر كۆرۈشكە زار بولدۇم.

ئۇستەڭ بېشىدا ئولتۇرسام،
لاچىن قوندى باشىمغا.
سەن يارىمنى ئەسلىسەم،
كۆزۈم تولدى ياشىمغا.

بىر ئۆيدە ئاق ساندۇق،
ناۋات بىلەن قەنت سالدۇق.
بىزنىڭ يارلار يىراقتىكەن،
موتو بىلەن خەت سالدۇق.

قوي باقاي دەپ تاغقا چىقسام،
كۆرۈنمىدى سايىنىڭ تېشى.
ئەتىدىن ئاخشامغىچە،
قۇرىمىدى كۆزىنىڭ يېشى.

ئاسماندىكى بۇلۇتلار،
ياغامدىكى قار بولۇپ؟
ئەجەبمۇ بەك سېغىندىم،
بىر سۆيۈشكە زار بولۇپ.

ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى،
خەت ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
كۇندە ساڭا قارايمەن،
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئورما ئورۇدۇم چەش باغلاپ،
ئايدىڭدا ئۈزۈم چاغلاپ.
يار يولىغا تەلمۈردۈم،
كېلەر دەپ ئۈمىد باغلاپ.

ئۆچۈپ قالدى جىنچىراغ،
ئەمدى گۈگۈت چاقمايمەن.
يارىم سېنىڭ ئىشقىڭدا،
كېچە كىرپىك قاقمايمەن.

كەپتەرلىرىم ئۈنلەيدۇ،
قونۇۋېلىپ پەغەزگە.
يارىم ساڭا خەت يازدىم،
يېشىم بىلەن قەغەزگە.

قويدۇق يېڭى باغلارغا،
ئەنجۈر بىلەن ئالمىنى.
سېغىنىپ كەلدىم قىشىڭغا،
سەن قوينۇڭغا ئال مېنى.

ئاسماندىكى كۆك كەپتەر،
ماڭا بىر ئاز ساقلاپ بەر.
يارغا يازغان خېتىمنى،
ئالغاچ كېتىپ تاشلاپ بەر.

ئاق چەينەككە چاي سالدىم،
سالقىن يەرگە ئۆي سالدىم.
سىز مېھرىبان يارىمغا،
چىن يۈرەكتىن خەت سالدىم.

بىر موچەنلىك يىپ ئالدىم،
سائەت بىغى توقۇشقا.
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازدىم،
كۈلۈپ تۇرۇپ ئوقۇشقا.

ئىشىك ئالدى گۈلدۈرمە،
يارىم مېنى كۆلدۈرمە.
ھەرقانچە سېغىنساڭمۇ،
دوست ـ دۈشمەنگە بىلدۈرمە.

سايىنىڭ بېشىدا تۈگمەن،
چۆرگىلەيدۇ توختىماي.
يۈرەك قانداق چىدايدۇ،
سىز يارىمنى يوقلىماي؟

مەن يىراقتىن خەت ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
سەن ئوقۇپ رەنجىگە ئالساڭ،
مەلۇم بولۇر ھالىم ساڭا.

چىرا دېگەن بۇ يۈرتتا،
ئۆردەك بىلەن غاز تولا.
مېنى دېسەڭ كەل يارىم،
سېغىنغاندا ئاز ـ تولا.

تۇخۇم كۆردۇم ئوچاقتا،
ئېتىلغاندۇ بۇ چاقتا.
مېھرىبان يارىم مېنى،
سېغىنغاندا بۇ چاقتا.

دۇتارغا سالاي دېسەم،
يېڭى ئەشكەن تارى يوق.
يارىمنى كۆرەي دېسەم،
يوللار ئۇزۇن، چارە يوق.

چىخ تۇۋىدە ئولتۇرسام،
كەلدى سالقىن شاماللار.
ئامرىقىمنى ياد ئېتىپ،
سۇردۇم شېرىن خىياللار.

ئۆيىڭىزنىڭ ئارقىسى،
ھەم بېدىلىك ھەم جىگدىلىك.
مەن يارىمغا خەت ئەۋەتتىم،
ئون سالام، بىر بەندىلىك.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
سايباغدىكى چاھار تاشقا.
بارساڭلا سالام دەڭلار،
بىزنىڭ يار قەلەم قاشقا.

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
جەدە ئاتنىڭ تۇمارى.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سەن يارىمنىڭ خۇمارى.

سامان ئۇسسىغان ئارى،
ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ.
ياشلىقىمدا تۇتقان يار،
چۇشۇمگە كىرىپ قاپتۇ.

باغ ـ گۈلستان بولمىسا،
بۇلبۇل كېلىپ قونارمۇ؟
يار مېنى سېغىنمىسا،
ئۇشبۇ خەتنى يازارمۇ؟

قاشلارىڭغا كۆيدۇممەن،
لەۋلەرىڭگە سۆيدۇممەن.
دەرد ئۇستىگە دەرد تارتىپ،
ئوتلارىڭدا كۆيدۇممەن.

كاككۇكلىنىڭ ئۈننى،
ھەر يەردىن ئاڭلاپ كېلىمەن.
قارا كۆز يارىم سېنى،
كۆڭلۈمدە داڭلاپ كېلىمەن.

ھاشارچىلار كېلىپتۇ،
چىقىپ تۇراي يولىغا.
يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ،
كۆزۈم چۈشتى تونىغا.

توپا يولدا ماڭسام،
ئانار كەتمەيدۇ يادىمدىن.
سەپەرگە چىقىپ كەتسەم،
سالام كەلمەيدۇ يارىمدىن.

ئىشىك ئالدىڭدىن ئۆتتىدۇ،
كادىر بىلەن ئەمگەكچى.
يېڭى يارنىڭ ئوتلارى،
كۆيدۇرەدۇ بىلەكچى.

چاپىنىمنىڭ يېڭىنى،
سۇغا چىلاپ ئولتۇردۇم.
سىز يادىمغا كەلگەندە،
گۈلنى پۇراپ ئولتۇردۇم.

باغلىرىڭ تېرەك بوستان،
بوستانىڭدا ئوينىدۇق.
سېنى كۆرمىگەن بىلەن،
كۆڭلىمىزدە ئويلىدۇق.

ئارىدا قۇم بولمىسا،
يارنى كۆرەدىم پاتمۇپات.
يۈرىكىم زەردابقا تولدى،
لەيلىگۈلدەك قاتمۇقات.

سوپىياڭنىڭ ئۈننى،
ھەر يەردىن ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتنى،
بېلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

ياشارسۇن كۆچەتلەر دەپ،
ھويلىغا قۇدۇق قازدىم.
ئۆزۈم سۆيگەن يارىمغا،
سېغىنىپ سالام يازدىم.

باغدا ئۆسكەن بولجانىڭ،
شاخى شىلدىرلاپ تۇرار.
يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى،
يۈرەكتە ياللداپ تۇرار.

يارنى دەپ ئوت بولدۇما،
يارىم يالىڭاچ كەلسۇن.
سېغىزدا لاينى ئېتىپ،
تۆشنى چاپلىغاچ كەلسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئاق تاۋامۇ كىيىپسىز،
كۆك تاۋامۇ كىيىپسىز.
كۆڭلۈم سىزدە دەپ قويۇپ،
باشقىلارنى سۆيۈپسىز.

خەت كەلمىدى يارىمدىن،
سوراپ بېقىڭ ئامانمۇ؟
ئىزدەپ بېرىپ قانغۇچە،
سۆيۈۋالسام يامانمۇ؟

بەش قولۇمدا بەش ئۈزۈك،
بەشلىسى تىللا كۆز.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا،
كىمنى سۆيدۈڭ قارا كۆز؟

ئۆي ئالدىدا ئېرىقتا،
سۇ توڭلاپتۇ كاكچىدەك.
مۇز تاڭغاندا سەگمىدۇ،
سىزگە كۆيگەن بۇ يۈرەك؟

ئاقمۇسەن، ئاپپاقمۇسەن؟
سۇتمۇ سەن، قايماقمۇسەن؟
بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ساڭا،
ئوتمۇ سەن، چاقماقمۇ سەن؟

باغچىغا كىرەي دەيمەن،
كىرسەم خۇش ھاۋا بارمۇ؟
يار دەردىدە مەن ئاغرىق،
ئۇنىڭغا داۋا بارمۇ؟

يارىم چاينى كەلتۈردى،
گۈلچىنە ـ پىيالىدا.
گەپ قىلماي شۈك ئولتۇردى،
نېمە باركىن خىيالىدا؟

ئېتىڭىز چاپقۇر ئىكەن،
قامچىڭىز سىم قامچىمۇ؟
كەلمىدىڭىز قەرەلدە،
ئەسلىڭىز يالغانچىمۇ؟

چىمەن دوپپا كىيەمسىز؟
بادام دوپپا كىيەمسىز؟
ماڭا بېرىپ ۋەدىنى،
باشقىلارنى سۆيەمسىز؟

ئالتۇن ھالقا زەنجىرنى،
تېگىشىپسەن كۈمۈشكە.
كەچقۇرۇن كېلىمەن دەپ،
كەلمىدىڭغۇ نېمىشكە؟

باغلىۋالسىلا بەلگە دەپ،
ياغلىق بېرەي دەپتىلا.
بەلگە نېمە باغلايمەن،
قۇرۇق قوللا كەپتىلا؟

تالدى بىلىكىم — تالدى،
قۇدۇقنىڭ چاقىنى چۆرۈپ.
مەن ساڭا نېمە قىلدىم،
باشىمدىن تۇما ئۆرۈپ؟

تۈزۈپ قويسام راۋابنى،
بوشاپ قاپتۇ تارىسى.
قاچانغىنا كۆرۈنەر،
سىز يارىمنىڭ قارىسى؟

راۋابىمنىڭ ئۈنىنى،
ئاڭلىدىڭمۇ ئاخشامدا؟
ئىچىمدىكى گەپلەرنى،
ئېيتىۋالدىم ناخشامدا.

ئاق بىلەكلىك ئاقمىدى؟
يانچۇقتىكى قاقمىدى؟
كۆڭلى سۇنۇق يىگىتنىڭ،
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ئېرىقىمنىڭ قاشلىرى،
تۈز تىزىلغان تاشلىرى.
كۆڭلۈمنى بېرەي دېسەم،.
بارمىكىن يولداشلىرى؟

ئىشىك ئالدىدا تۇرسەن،
يان ياغاچقا يۆلىنىپ.
سەن ئالامسەن بۇ جاننى،
ئايدا-يىلدا كۆرۈنۈپ؟

سەن ئالامىنىڭ شېخىنى،
ئالما بار دەپ ئەگدىڭمۇ؟
مېنى تاشلاپ بۆلەككە،
پۇلى بار دەپ تەگدىڭمۇ؟

يايلىدۇقا-يايلىدۇق،
يايلاق-چىمەندە يايلىدۇق.
ئەڭ ئېگىز دۆڭگە چىقىپ،
«يارىم قايان» دەپ يىغلىدۇق؟

بىز سەپەرگە چىققاندا،
ئات مىنەمسىز تايچاقمۇ؟
«مەن سىزگە كۆيدۇم» دەيسىز،
راست ئېيتامسىز، چاقچاقمۇ؟

ئوڭ قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا چاچ ئۈزۈك.
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا،
كىمنى سۆيدۇڭ ئاق سۈزۈك؟

ئۇ ئېتىزمۇ بۇدۇشقاق،
بۇ ئېتىزمۇ بۇدۇشقاق.
قانداق بولار ئامرىقىم،
بىز ئىككىمىز قېتىلساق؟

بۇ تېرەك يىلۋا تېرەك،
يۇلۇۋاللا نېمىشقا؟
ئايرىلىپ كەتكەن ئىدۇق،
كېلىۋاللا نېمىشقا؟

ئادەمگىياھ دورىسى،
بىزنىڭ باغدىمۇ بارمۇ؟
ئۇنى قايىنتىپ ئىچسەك،
كۆيەك ئوتىغا داۋامۇ؟

سۇغا كەلدىم كۆل بېشقا،
چېلەككە سۇ ئېلىشقا.
ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ،
يار كەلمەيدۇ نېمىشقا؟

يۈرىكىمنىڭ بېغىغا،
ئوت چۈشتىمۇ، يالقۇنمۇ؟
مېنى كۆيدۈرگەن بالا،
كۈمۈشمۇ، يا ئالتۇنمۇ؟

ئۆيۈڭنىڭ كەينى ئېرىق،
ئېرىقتا تولا بېلىق.
ئاران بىر كۆرۈشكەندە،
كۈلمەمسەن ۋىلىق-ۋىلىق.

ئېگىز-ئېگىز تېرەككە،
پاختەك قوندۇراي دەمسەن؟
يۈرىكىمگە شو قويۇپ،
دەردكە ئۆلتۈرەي دەمسەن؟

بۇغدايلىققا سۇ قۇيسام،
قارىمۇق ئۈنۈپ قالدى.
نېمە ئۈچۈن مەلەڭگە،
باشقىلار كېلىپ قالدى؟

سۇ باشلىدىم كۆلچەككە،
سۇغا سۇ قاتارمەنمۇ؟
ئامرىقىم سېنىڭ بىلەن،
ئوبدان مۇڭدىشارمەنمۇ؟

تاغدا بۇلۇت ئەگىپتۇ،
يامغۇر يېغىپ قالامۇ؟
غېرىب بولغان كۆڭلۈمنى،
يارىم كېلىپ ئالامۇ؟

ئەجەب ئۈز ياراشىپتۇ،
نىلۇڭ كايى ئۇچاڭغا.
قاچانغىچە قارايمەن،
سېنىڭ كېلەر كوچاڭغا؟

2018.2

ھاۋادىكى بىر قۇش مەن،
سېنىڭ دەردىڭدە بىھوشمەن.
مەيلىڭ بولسا كەل يارىم،
ئالتۇن بىلەن كۈمۈش مەن.

ھاۋانىڭ بۇلۇتلۇقى،
ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى.
بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم،
يانىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

شامالدا قارچىغام ئۇچتى،
يېنىپ ئىزدىگەنگە كەلمەيدۇ.
ئادەمنىڭ جېنى مەزمۇت،
كۆيۈك ئوتىغا ئۆلمەيدۇ.

دۇتارىڭنى ئاستا چال،
تالمىسۇن بىلەكلەرىڭ.
قوپسالڭ ئاھ جانىم كۆيىدۇ،
ئولتۇرسام يۈرەكلەرىم.

قۇملۇققا قوغۇن تېرىپ،
سويما بىلەن ماش ئالدىم.
سەن يارىمنى سېغىنىپ،
قارا كۆزۈمگە ياش ئالدىم.

بەش بالا ئۆتۈپ كەتتى،
ئانارلىقنى ئىز قىلىپ.
يار كۆزدىن يىتۈپ كەتتى،
بىر كەلمىدى يۈز قىلىپ.

ئاقسارايدا ئاق ساندۇق،
ئاق ساندۇققا چاي سالدۇق.
يىراقتىكى يارلارغا،
«تېز كەلسۇن» دەپ خەت سالدۇق.

ئاق كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى،
قاناتىدا خەت كەتتى.
كېلەر بولساڭ تېز كەل ياز،
كۆزلىرىم قاماپ كەتتى.

ھاۋانىيۇ ھاۋانى،
كەزدىم تولا دالانى.
ئىزدەپمۇ تاپالمادىم،
كۆيەك ئوتىغا داۋانى.

قاشىم تارتىدۇ مېنىڭ،
يىراقتىن يارىم كېلەدۇر.
يىراقتىن يارىم كەلسە،
خۇش خەۋەر ئالىپ كېلەدۇر.

ئازما باشىدا شاخ كەستىم،
چىتلاي دېسەم باغىم يوق.
يىغلاي دېسەم يېنىمدا،
ئالدىغۇچە يارىم يوق.

قارلىغاچ ئۇۋا ساپتۇ،
پېشايۋاندا-پەرماندا.
يار ئۇ يەردە يىغلايدۇ،
مەن بۇ يەردە ئارماندا.

دۇتار بىلەن مۇڭداشتىم،
يار لېۋىدە ئولتۇرۇپ.
يار دەردىدە تۆكتۈم ياش،
ئېتەكىمنى تولدۇرۇپ.

كۆكتە كۆكلەك كىيىپسىز،
ئەككى يانغا چاك ئېچىپ.
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق،
سىز يارىمنى ياد ئېتىپ.

دامىكۇ دەپ ئاڭلىدىم،
مەنغۇ بىرىپ باقمىدىم.
دامكۇلۇق يارىمغا
ھېلىغىچە ساقلىدىم.

بىر تاغاردا بۇغدىيىم،
تاسقاپ-تاسقاپ ئۇن تارتاي.
سىز يارىمنى ياد ئەيلەپ،
يىغلاپ-يىغلاپ ھۇي تارتاي.

تەييارلىغۇچى: زۇلئىپار ياسىن



# بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇش ئادىتى

ئابلاجان مۇھەممەت

خەلقىمىزدە بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا سۈتىدىن باشقا مۇۋاپىق يېمەكلىك بېرىلىدۇ. بۇ ئادەتتە بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرۇش دېيىلىدۇ.

**1. ئېغىزلاندۇرۇش تەرتىپى**

بالا تۇغۇلۇپ بىر سائەتتىن ئىككى سائەتكىچە بولغان ئارىلىقتا ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. ئالدى بىلەن پاكىز، يۇمشاق بولغان پاختا، داكا ياكى خەسە بىلەن بالىنىڭ يۈز-كۆزلىرى، ئېغىزى ئېرىغدىلىدۇ. ئاندىن تەييارلانغان نان، بىلەن قويىنىڭ قۇيرۇق يېغى، شېكەر، بادام، ياڭاق، يېمىش، پىستە بادام، ئۆرۈك مېغىزى، قەنت، گۆش قاتارلىق يېمەكلىكلەرنىڭ خالىغان بىرى يۇمشاق چاينىلىپ، بالىنىڭ ئېغىزىغا قول ياكى قوشۇق بىلەن سېلىنىدۇ. بەزىدە ئوغۇللارنىڭ ئېغىزىغا پىچاق بىسى بىلەن سېلىنىدۇ. «ئاغزىڭىز تاتلىق بولسۇن»، «قولىقىڭىز يۇمشاق بولسۇن»، «ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن» دەپ تىلەك تىلىنىدۇ.

**2. بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغۇچى كىشىگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر**

بوۋاقنى ئېغىزلاندۇرغۇچىغا ئادەتتە ئەر-ئايال دەپ چەك قويۇلمايدۇ. ئەمما كۆپىنچە ياشتا چوڭراق، تەجرىبىسى بار ئاياللار ئېغىزلاندۇرىدۇ. بەزى ئوغۇل بوۋاقلارنى دادىسى ئېغىزلاندۇرىدىغان ئادەتمۇ بار، كۆپ قىسىم ئەھۋالدا شۇ بالىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. بەزىدە شۇ مەھەللىدىكى ئابرۇيلۇق، ئەخلاقلىق كىشىلەر تەكلىپ قىلىنىپمۇ ئېغىزلاندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كەسىپ، ياش، خۇلق-مىجەز جەھەتلەردىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە چەكلىمە بار.

خەلقىمىزدە «كىم ئېغىزلاندۇرسا شۇ كىشىنى دورايدۇ» دەيدىغان قاراش بار بولغاچقا ئېغىزلاندۇرغۇچى ئەخلاقىي جەھەتتە دۇرۇس، ھالال ياشايدىغان، كىشىنىڭ ھەققىنى يېۋالمايدىغان، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام، ئېغىر-بېسىق، كەمتەر، مۇلايىم، جۇشقۇن، باشقىلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلەيدىغان، لەۋزىدە تۇرىدىغان، مەرد، سېخىي، ئەل ئارىسىدا ھۆرمىتى بار، دوستلۇققا يارايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك. ئادەتتە بالا ساق-سالامەت تۇغۇلغاندىن كېيىن بالىنى زادى كىم ئېغىزلاندۇرۇشى ھەققىدە كېڭەش بولىدۇ ۋە يۇقىرىقى شەرتلەرگە ماس كېلىدىغان كىشىنى چاقىرىپ بالىنى ئېغىزلاندۇرىدۇ. ئۇرۇشقاق، ھازازۇل، خۇيى يامان، مەلۇم ئەيىب-نۇقسانى بار كىشىلەرنىڭ ئېغىزلاندۇرۇشى قاتتىق پەرھىز قىلىنىدۇ.


**3. بالا ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە خەلقىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىلىرى**

بوۋاقلارنى ئېغىزلاندۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەقسەت بالىنىڭ ساق-سالامەت بولۇشىنى تىلەش، شۇنداقلا بالىنىڭ چېچەن، سۆزگە ماھىر، ئەدەپ-ئەخلاقلىق، خۇش پېئىل بولۇشىنى تىلەشتىن ئىبارەت. بوۋاق ئېغىزلاندۇرغاندا ئالدى بىلەن بالىنىڭ باش-كۆز، ئېغىزى پاكىز، يۇمشاق رەخت بىلەن سۈرتۈلىدۇ. ئاندىن بالىنىڭ ئېغىزى پاكىزلىنىدۇ. مانا بۇ بالىنىڭ ساغلام بولۇشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىدۇر ۋە دەسلەپكى كاپالىتىدۇر.

بوۋاقنى پىستە بادام بىلەن ئېغىزلاندۇرغاندا بالا چاقماقتەك سۆزلەيدىغان بولسۇن، مىس-مىس، ئەزمە بولۇپ قالمىسۇن دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ، تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرغاندا تاتلىق سۆزلۈك، مۇلايىم، يېقىشلىق بالا بولسۇن دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ. ياغ، مېغىز بىلەن ئېغىزلاندۇرغاندا بالا مېغىزدەك گەپ قىلسۇن، ياغدەك تاتلىق گەپ قىلسۇن دېگەننى مەقسەت قىلىدۇ. كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بالا تاتلىق يېمەكلىك بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلۇپ، بالىنىڭ شېرىن سۆزلۈك، سۆزمەن، چىقىشقاق، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشى ئارزۇ قىلىنىدۇ. ئاچچىق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلسا بالا جاھىل، جېدەلخور، ئۇرۇشقاق، سەپرا مىجەز، كىشىلەر بىلەن ئاسانلىقچە چىقىشالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

مانا بۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل قاراشلار تۈپەيلى بۇ خىل ئادەت خەلقىمىزدە جۈملىدىن مەكىتتىمۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ بالا تەربىيەسىگە بالا تۇغۇلۇشىدىنلا باشلاپ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# مەكتتە ئۆتكەن داستانچىلار

تاش توختى

90 ـ يىللىرىدىن باشلاپ داستانچىلىقتىن ئىبارەت بۇ تۈر خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىراپ قالماقتا. مۇشۇنداق مەسىلىلەر ئالدىدا مەكتتە ئۆتكەن بىر قىسىم خەلق داستانچىلىرىنى ئەسلەش ۋە ئۇلار ھەققىدەكى ئۇچۇرلارنى باشقىلارغىمۇ بىلدۈرۈش مەقسىتىدە بۇ ئەسلىمە خاراكتېرلىك يازمىنى قەلەمگە ئالدىم.

**1. داستانچى ئېلى قۇربان**

قىزىلئاۋات يېزا 8 ـ كەنتتىكى داستانچى ئېلى قۇربان پىشقەدەم خەلق سەنئەتكارى بولۇپ، ئۇ ئەل ئىچىدە داڭقى چىققان داستانچى ئىدى. ئۇ 1912 ـ يىلى قىزىلئاۋات يېزا قازانكۆل كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ چۆچەك، لەتىپە، قوشاق، داستان ئاڭلاشقا ئامراق بولۇپ، دادىسىغا ئەگىشىپ، مەشرەپ، توي-تۆكۈن سورۇنلىرىغا بېرىپ ۋائىزلار ئېيتقان چۆچەك، داستانلارنى ئاڭلىغان. ئەستە قالغانلىرىنى دوست-بۇرادەرلىرىگە ئېيتىپ بەرگەن، ئۇ 20 ياشلارغا كىرگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەكەنگە بېرىپ داستان ئۆگەنگەن. ئۇ ئۇستازىنىڭ قېشىدا تۇنجى بولۇپ «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنى يادقا ئالغان. بۇ داستان ھەجمى بىر قەدەر چوڭ داستان بولۇپ، بىر دوستىنىڭ ئۇقۇپ بېرىشى بىلەن يادقا ئالغان. ئېلى قۇربان يەكەندە ئىككى يىل تۇرۇپ، «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانى قاتارلىق داستانلارنى ئاممۋى سورۇنلاردا تەمترىمەي، داستانچىلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتالايدىغان بولغاندىن كېيىن، يۇرتى قىزىلئاۋاتقا قايتىپ كەلگەن. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دۇتار بىلەن داستان ئېيتىپ ئەل ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ۋە توي-تۆكۈن، مەشرەپلەردە داستان ئېيتىشقا چاقىرىلغان. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۇرت تەۋەسىدە ئېلى قۇربانسىز توي-تۆكۈن، مەشرەپ بولمايدىغان ھالەتكە كەلگەن. ئېلى قۇربان يەنە «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە» قاتارلىق داستانلاردىن ئارىيە ئېيتىدىغان، «يۈسۈپ-ئەھمەد» داستانىنى تولۇق ئېيتىدغان بولغان، ئۇ 60 يىللىق داستانچىلىق ھاياتىدا خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ياشاپ، 2000 ـ يىلى كۈزدە 88 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**2. ھاپىز داستان**

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يىللىرى مەھەللىمىزدە (بولقا ئۆستەڭ بويىدا) ھاپىزكام داستان دەيدىغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ئادەم ئوغلى ئابدۇقادىر بىلەن تۇماقچىلىق قىلاتتى. كەچلەردە، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىدىن بىكار بولغاندا مەھەللە جامائىتى يىغىلىدىغان دوقمۇشتا پەيدا بولۇپ، جامائەتنىڭ تەلپى بويىچە داستان ئېيتاتتى. ئۇ «كاككۇك بىلەن زەينەپ»، «تاھىر-زۆھرە»، «سەنۇبەر» داستانلىرىنى شۇنداق راۋان تىل بىلەن سۆزلەيتتىكى،

ئاڭلىغۇچىلار داستان ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى. ھاپىزكام بىر ئولتۇرۇشدا ئىككى، ئۈچ سائەت داستان ئېيتاتتى. ھاپىزكامنىڭ بىزگە ئېيتىپ بېرىشىدىن قارىغاندا ھاپىزكامۇ داستاننى ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگەنگەنىكەن.

**3. تۇرەك ئاۋۇت**

ئەل سۆيگەن سەنئەتكار تۇرەك ئاۋۇت 1937 - يىلى يانتاق يېزا بولقا كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. شارائىت تۇپەيلى مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان، بىراق ئۇزىدىكى سەنئەتكە بولغان ئوتتەك ئىشتىياق بىلەن ئەلنەغمە ئۆگىنىشكە باشلىغان. كېيىن يېزىلىق سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ دولان ئەلنەغمىلىرىنى ئورۇنلاپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن. 1964 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇنجى نەۋەتلىك سەنئەت كۆرىكىگە ماكسۇر شەيخ، ئۆمەر ئوسمانلار بىلەن بىللە قاتنىشىپ، ماۋجۇشى قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بىرگە ماھىر، كۆپكە قادىر سەنئەتكار، داستانچى تۇرەك ئاۋۇت 1993 - يىلى ۋاپات بولغان.

**4. ئابدۇكېرەم مەتنىياز**

تۇمەنتال يېزا ئاچچىقتال كەنتىدىكى قىزىقچى، داستانچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇكېرەم مەتنىيازمۇ دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە خەلق قوشاقلىرىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشنى مەشىق قىلغان. كېيىن دوستلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» داستانلىرىدىن بىر قىسىم ۋەقەلىك، بېيىتلەرنى دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇشنى مەشىق قىلغان. ئۇنىڭ دۇتار بىلەن ئورۇنلايدىغان ئاساسلىق ئەسىرى «نەزەر مۇفتىغا خەت» (ئات ھەققىدە مۇخەممەس) بولۇپ، بۇ داستاننى ئېيتىش جەھەتتە پۈتكۈل مەكىت تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ئادەم يوق ئىدى. ئۇ بۇ داستاننى توي - تۆكۈنلەردە ئېيتىش ئارقىلىق مەكىت خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. توي - تۆكۈنلەردە داستان ئېيتىش جەريانىدا بۇ داستانلارنىڭ تولۇق تېكىستىنى يادقا ئالغان ۋە ئېيتالايدىغان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزىمۇ شېئىر يېزىپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىپ تۇمەنتال خەلقىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن، بۇ داستانچىمىزمۇ 2009- يىلى ۋاپات بولغان.

**5. تۇرەك ئېلى**

قىزىلئاۋات يېزا چىغلىققوتان كەنتىدىن بولۇپ، قىزىلئاۋات يېزىسىدا كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندە. ئۇ غىجەك چېلىپ «غېرىب - سەنەم» داستانىنى ئېيتىشنى ئۇستازى ئېلى قۇرباندىن ئۆگەنگەن. قىزىلئاۋات يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەشرەپلەردە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرىنى ئېيتىش بىلەن بىللە داستان ئېيتىپ نام چىقارغان. ھازىر قىزىلئاۋات يېزىلىق ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتىدە مۇزىكا چېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**6. ئەما داستانچى ئەنۋەر ئوسمان**

مەكىت بازىرى ئوردىكۆل 1 - ئىجتىمائىي رايوندا ئولتۇرۇشلۇق ئەما داستانچى ئەنۋەر ئوسمان 1964 - يىلى بازار جەمى يېزا چامغۇرلۇق كەنتىدە تۇغۇلغان. چېچەك چىقىش سەۋەبى بىلەن ئەما بولۇپ قالغان. ئۈچ يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان. 12 ياشقىچە يەكەن ناھىيە دۆڭباغ يېزىسىدىكى ھاممىسىنىڭ قېشىدا تۇرغان. كېيىن دادىسى ئۇنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالغان. ئەنۋەر ئوسماننىڭ ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئالاھىدە ياخشى بولغاچقا، رادىيولاردا بېرىلگەن ناخشىلارنى بىر ئاڭلاپ ئەستە ساقلىۋالغان. ئەستە ساقلىغان تېكىستلەرنى ساپايى، چاقچۇقا تەڭكەش قىلىپ ئورۇنلاپ ئەل ئىچىدە تونۇلۇشقا باشلىغان. كېيىن تىرىشچانلىق بىلەن راۋاب چېلىشنىمۇ ئۆگەنگەن. «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەندەك ئىزچىل ھالدا رادىيودىن ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاش، ئاڭلىغانلىرىنى ئۆگىنىپ چېلىشنى مەشىق قىلىپ بەلگىلىك سەۋىيە ھازىرلىغان. رادىيودىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە «غېرىب - سەنەم» داستانىنىڭ بىر قىسىم ناخشىلىرىنى ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ داستانچىلىق ھاياتى 2000 - يىلىدىن باشلانغان. ئۇ ئائىلى ساجىدە مۆمىن ئوقۇپ بەرگەن داستانلارنى بىر - بىرلەپ يادلاپ ئۆگىنىشكە باشلىغان.


ئەنۋەر ئوسمان 2012 - يىلى قومۇلدا ئېچىلغان داستانچىلارنى تەربىيەلەش كۇرسىغا قاتنىشىپ «كاككۇك بىلەن زەينەپ» داستانىنى ناۋا مۇقامىنىڭ ئاھاڭىغا سېلىپ، راۋاب بىلەن ئورۇنلاپ ئالقىشقا ئېرىشكەن.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پېنسىيونېرى)

مۇھەررىرى: ئەزىزەم تۇيغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# لەقەملەر توغرىسىدا



ئابلىمىت مۇھەممەت

لەقەم، مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ قاشقىسى.

دەرھەقىقەت، لەقەمسىز كىشى ناھايىتى ئاز، لەقەم سەۋەبسىز قويۇلمايدۇ. لەقەم، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، تەقى - تۇرقى، تەن قۇرۇلۇشى، رەڭگىرويى، يۈز شەكلى، بەدەن ئەزالىرىدىكى ئالاھىدىلىكى، مىجەز خاراكتېرى، خۇي - پەيلى، تۇرمۇش ئادىتى، ھەۋەسلىرى، شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر كەسىپ ئالاھىدىلىكى، ياشاۋاتقان يۇرت - ماكان ئالاھىدىلىكلىرىگە ۋە بەزىبىر ۋەقەلەر، پائالىيەتلەر، دۇچار بولغان كەچمىش - كەچۈرمىشلىرى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ قويۇلىدۇ. لەقەمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى زۆرۈرىيەت ئامىلى كىشىلەرنى (بولۇپمۇ شۇ چەكلىك زامان، ماكان دائىرىسىدىكى ئىسىمداش كىشىلەر) بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئۆتىگەن. بەزى ئائىلىلەردە كىچىك باللىرىغا بولغان ئامراقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ھەر خىل ئەركىلەتمە ئىسىم ۋە مۇئەييەن ئوخشىتىشلار بىلەن ئاتايدۇ. كېيىن بالا چوڭ بولغانسېرى، بۇ ئۇنىڭغا لەقەم بولۇپ سىڭىپ قالىدۇ. شۇڭا «لەقەم نەدىن چىقىدۇ — ئۆيۈڭدىن» دېگەن سۆز بار. لەقەم كېيىنكى كۈنلەردە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تۈرى سۈپىتىدە ھەزىل - چاقچاقلار دائىرىسىدىمۇ بارا - بارا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن لەقەم مەنبەسى بۇرۇنقىدىن كۆپ كېڭەيدى.

ھەممىگە مەلۇم، كۈلكە - چاقچاق ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئىلى ۋادىسىدىكى سورۇنلار كۈلكە - چاقچاقسىز ئۆتمەيدۇ. ئىلىلىقلار ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق كىشى بىلەن يۈز كۆرۈشكەندە بىر - ئىككى كەلىمە چاقچاقلاشماي قالمايدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتلەردە چاقچاق ئىشتىراكچىلىرىنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرى ئۇستىلىق بىلەن تولۇق مۇجەسسەملەنگەن «لەقەم» ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ كۈچلۈك ۋە ئېنىق قاراتمىلىققا ئىگە، ھازىر جاۋاب، روبەرو، «ھۇجۇم» خاراكتېرلىك چاقچاقلاردا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەقەملىرى چاقچاقنى ئەۋجىگە چىقىرىپ، سورۇن كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل چاقچاقلار پەقەت كۆڭۈل ئېچىش، سورۇننى قىزىتىش، تىل بايلىقىنى بېيىتىش، نۇتۇق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان خەلق سەنئىتىنىڭ جۇشقۇن بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە رىتىملىق، قاپىيەلىك، مەنتىقىلىق، دوستانە ئېلىپ بېرىلغاچقا، لەقەمنى مەركەز قىلغان چاقچاقنىڭ تىلى ھەرقانچە ئۆتكۈر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دوستلۇق، مېھىر -

مۇھەببەتكە قىلچە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ، ھەر دائىم سورۇنلاردا ئاچچىق چاقچاقلىشىدىغانلار ئادەتتە ناھايىتىمۇ ئىناق ـ ئىجىل ئۆتىدىغان ئەل ـ ئاغىنىلەر ھېسابلىنىدۇ.

بەزى لەقەملەر ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ئۆز پېتى كۆچۈرۈلۈپ قالىدۇ. مەسىلەن: تۇرداخۇن چۈل، ئوغلى ئىبراھىم ئاخۇن چۈل، غېنى تاران، ئوغلى روزى تاران قاتارلىقلار.

بەزى لەقەملەر ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدىكى بوغۇن مۇناسىۋىتىگە قاراپ لەقەمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىك دەرىجە مۇناسىۋىتى بويىچە بەكمۇ مەنتىقلىق ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن: ئاتىسى توخۇ بولسا بالىسى چۆجە، ئاتىسى توشقان بولسا بالىسى بۆجەن. غۇلجا شەھرىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىدا بىر كىشىنىڭ لەقىمى چۋىن ئىكەن، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىغا «پاشا» لەقىمى قويۇلۇپتۇ. ئوغلى چوڭ بولۇپ ئۆيلەنگەندىن كېيىن، يېڭى تۇغۇلغان نەۋرىسىگە «كۇمۇتا» لەقىمى قويۇلۇپتۇ.

بەزى لەقەملەر كونكرېت ئادەملەرنىڭ مىجەز ـ خۇلقى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلى ۋە ياكى مەزكۇر لەقەم ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەيئىلەر ئالاھىدىلىكىگە قاراپ نىسپىي مۇقىم ھالەتتە بېكىتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن لەقەم ئىگىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان كونكرېت ۋاقىت ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ماس قەدەم بىلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئۆزگىرىش ھالىتى ھامان بىر تۈز سىزىقتىن يەنى مەلۇم باغلىنىشلىق بولغان قېرىنداش مەنىدىن بىراقلا چەتنەپ كەتمەي، شەيئىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا ئەگىشىپ داۋاملىشىدۇ.

مەسىلەن: مەلۇم بىر مەھەللىگە بىر ئائىلىلىك كىشىلەر كۆچۈپ كەپتۇ. سېتىۋالدى ئىسىملىك بۇ يېڭىياچى ئۆي ئىگىسى جامائەتكە ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان، تولۇق قاپاق، سەپرا مىجەز كىشىكەن.

بۇ كىشىنىڭ كۆچۈپ كەلگەن ھويلىسى ئالدىدا بىر تۈپ مايماق، قېرى سېدە دەرىخى بار ئىكەن، يولدىن ئۆتكەن يولۇچىلار سېدە ئاستىغا كېلىپ سايىدىسىلا ھېلىقى سېتىۋالداخۇن ئۆيىدىن بوراندەك ھۇۋلاپ چىقىپ قوغلايدىكەن.

خۇش چاقچاق، ھەزىلكەش يېزا ياشلىرى مەزكۇر مەھەللىنىڭ ئىجىل ـ ئىناق مۇھىتىغا قىلچىمۇ ماس كەلمەيگەن بۇ يېڭى كەلدەخۇننىڭ غەلىتە قىلىقلىرىدىن بىزار بولۇپ ھېلىقى كىشىگە «سېتىۋالدى سېدە» دەپ لەقەم قويۇپتۇ، بۇ لەقەمدىن خەۋەر تاپقان ھېلىقى جىدەلپەز ئادەم بالىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ھېلىقى سېدىنى كېسىپ تاشلاپتۇ. مەھەللە ياشلىرى ئەتىسىدىن باشلاپ ھېلىقى سەپرا مىجەزنىڭ لەقىمىنى «سېتىۋالدى كۆتەك»كە ئۆزگەرتىپتۇ، بۇنىڭغا تېخىمۇ چىدىماي قالغان ھېلىقى تەرسا ئادەم بالىچاقىسىنى سەپەرۋەر قىلىپ سېدە كۆتىكىنى كولاپ چىقارغۇزۇۋېتىپتۇ. شۇ كۈننىڭ ئەتىسى بۇ بايقۇشنىڭ لەقىمى «سېتىۋالدى ئازگال»غا ئۆزگەرتىلىپتۇ. بۇ لەقەمدىن تېخىمۇ تېرىككەن ئۇ كىشى ئالمان ـ تالمان ھېلىقى ئازگالنى تۇزلەۋەتكەنىكەن، مەھەللە ياشلىرى دەرھال «سېتىۋالدى تىندۇرما» دېگەن لەقەمنى قويۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرى ھېلىقى كىشى ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىغا خىجىل بولۇپ، جامائەتكە داستىخان سېلىپ كەچۈرۈم سوراپتۇ.

بەزى سورۇنلاردا لەقەم چاقچاقنىڭ خېمىر تۇرۇچى سۈپىتىدە كۈلكىنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا قوزغاتقۇچ، غىدىقلىغۇچ رول ئوينايدۇ.

مەسىلەن: مەلۇم بىر توي سورۇنىدا «دىۋانە»، «توخۇ»، «كۈچۈك» ۋە «تۆگە» لەقەملىك تۆت كىشى ھەمتاۋاق ئولتۇرۇپ قاپتۇ، بۇ ھالەتنى ئاستىرتتىن سېزىۋالغان شۇ مەھەللىنىڭ چاقچاقچى يىگىتى چاي قۇيغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر پارچە ناننى ئۇشتۇپ «دىۋانە» نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، يىگىتنىڭ ئۇنىسىز چاقچىقىنىڭ مەنىسىنى سەزگەن ھوشيار «دىۋانە» قىلچىمۇ ھودۇقماستىن، يىگىتنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن پېتى ھېلىقى پارچە ناندىن بىر بۇردا ئۇششاق ئۇۋۇتۇپ، ھەمتاۋاق قوشنىسى «توخۇ» نىڭ ئالدىغا چېچىپ قويۇپتۇ، بۇ ھەرىكەتنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان «توخۇ» ھېلىقى ئۇۋاق نانلارنى سىركايىغا سېلىپ چاي بىلەن ئىلەشتۈرۈپ «كۈچۈك»نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ، «كۈچۈك»مۇ ئۆز نۆۋىتىدە بوش كەلمەپتۇ، ئۇ ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ سۇدىكى ئۇۋاق نانلارنى قولىغا سۈزۈۋاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن يۇمىلاق بىر پوم ياساپ «تۆگە»نىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇ بىر مەيدان ئۈنسىز چاقچاقتىن سورۇن ئەھلىنىڭ كۈلۈپ ئۈچيىي ئۈزۈلۈپ قاپتۇ.

ئىلى چاقچاقلىرى تەتقىقاتى ھەققىدە خېلىلا نۇرغۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ ئىككى قىسىملىق «چاقچاقچىلار چايخانىسى»غا 30 چاقچاقچىنى يىغقان، ساتىرىك يازغۇچى ئىنىمىز ئابدۇرۇسۇل سىيىت لەقەم ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «تويىدىمۇ، ئۆلۈمدىمۇ يەنە شۇ چاقچاق، يەنە شۇ كۇلكە، بۇ يەردىكىلەر ئەزەلدىن بوغۇزىغا كەپلىشىپ كەلگەن چاقچاقنى يۇتۇۋېتىشكە ئادەتلەنمىگەن. قارشى تەرەپ تەسەللىگە موھتاج دەقىقىلەردىمۇ پاراڭنىڭ بېشىنى ئوخشاشلا چاقچاققا بۇراۋېرىدۇ، چاقچاقنى ئاشكارا قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان چاغلاردا لەقىمىگە، مەجەزىگە، يۈرۈش - تۇرۇش، ئىش - ھەرىكىتىگە يۆلەپ تۇرۇپ، گويا خوتۇن كىشى قاش - كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك شۇنداق چىرايلىق، سىلىق، ئۇستىلىق بىلەن قىلىۋېرىدۇ، مۇنداق چاقچاق ئۆلارنىڭ پەلسەپىسىدە «قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇش» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇرۇنمۇ شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇ.

سىلەر بىلمەيسىلەر، غۇلجا شەھىرىنىڭ دۆڭمەھەللە دېگەن يېرىدە 87 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان، ئۆمرى ئەلنەغمە سورۇنلىرىدا ساز، ناخشا، كۇلكە - چاقچاق بىلەن ئۆتكەن، كىلاسسىك ناخشا، خەلق قوشاقلىرى توغرىسىدىكى بىلىمى خېلىلا مۇكەممەل سەلەيكام قار ياغدى دەپ بىر كىشى بار. ئاۋۇ بىر يىلى سەلەيكام ئاقساقالنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندا جامائەت پەتىگە كىرىپتۇ، پەتىچىلەر قاتارىدا سەلەيكام ئاقساقالنىڭ دائىم چاقچاقلىشىپلا يۈرىدىغان ئابدۇكېرىم سېرىق دېگەن ئاغىنىسىمۇ بار ئىكەن. ئابدۇكىرىم سېرىق ئانىسىغا ھازا ئېچىپ يىغلاۋاتقان سەلەيكامنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سەۋر قىل ئاداش، ھېلىمۇ ياخشى ئاناڭ رەھمىتى قار - شىۋىرغان، جۇدۇن - چاپقۇنلۇق كۇنلەرگە قالماپتۇ، بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

ئۇشبۇ تەسەللىنىڭ «لەقەملىك چاقچاق» ئارقىلىق ئۆزىگە تېگىۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەلەيكام ئاقساقال يىغىسىنى چاندۇرماي داۋاملاشتۇرۇپ، چاقچاققا چاقچاق ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ.

— ۋاي ئانام، كۈننىڭ سېرىقنى كۆرمەي تۇگەپ كەتكەن ئانام، سېرىقتال كۇنلەردە بېشىمىزنى سىيلىغان ئانام، دادامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرماي كىشلەرنىڭ ئالدىدا چىرايىمىزنى سارغايتمىغان ئانام...

ئېسىمدە قېلىشىچە ئاتاقلىق يازغۇچى، سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرى يولداش ۋاڭ مېڭ ئىلىدىكى بىر سورۇندا: «مەن ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دەيدىغان مىجەزىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. مانا مۇشۇ بىر جۈملە سۆز ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتا جىسمىغا كۈچ - قۇۋۋەت، قەلبىگە ئارزۇ - ئۈمىد بېغىشلىغاندى» دېگەنىدى.

دەرھەقىقەت، قايسىدۇر بىر ناخشىدا

«ئىلى باللىرى دەيدۇ
تەڭدىن تولىسى تارانچى،
تارانچىنىڭ باللىرى
خۇيما ئوبدان پاراڭچى»

دېگەندەك، خۇشخۇي مىجەز، يۇمۇرىستىك پاراڭلار ئىلى خەلقىنىڭ زور بايلىقى. بۇ خىل ھاياتقا ئۈمىد بىلەن كۆلۈپ تۇرۇپ قارايدىغان ئوپتىممىستىك روھىي ھالەت ئىلى كىشى ئىسىملىرىدىكى لەقەملەرنىڭ رەڭدارلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان، مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان.

كىشى ئىسىملىرىدىكى لەقەملەر ئۆلارنىڭ كېلىش مەنبەسى، تۇرلەرگە ئايرىلىشى ۋە لەقەمنىڭ ئومۇملىشىشى ھەققىدە نۇرمەھەممەد دۆلەتى، ئابدۇساتتار ناسىرى ۋە توختى ئىبراھىم يولداشلار ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرناللىرىدا مەخسۇس تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى، ئەنە شۇلارنىڭ ئىلھامى بىلەن لەقەمنىڭ تۇرلەرگە ئايرىلىشى ھەققىدىكى قېپقالغان قىسمىنى ئىلى رايونىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئېقىپ يۈرگەن لەقەملەر بويىچە تولۇقلاپ تەتقىقات يۈزىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېڭىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان لەقەم كىلاسسىفىكاتىيەسى تۆۋەندىكىچە:

1. دۆلەت، شەھەر، يۇرت - ماكان، يەر ناملىرىغا قويۇلغان لەقەملەر:

مەسۇم شاڭخەي، ساۋۇت ۋارشاۋا، تۇرداخۇن تالدىقورغان، مەخمۇت خوتەن، ئابلەت قەشقىرى، ئەركىن ئاتۇش، ئەنۋەر شىخو، مەھەممەت تۇرپان، ياسىن گوچۇڭ، مەتيۇسۇپ توخسۇن، مەمتىلى تارىم، ماخمۇت پامىر قاتارلىقلار.

2. ئۇنۋان، مەنسەپ - ۋەزىپىسىگە ۋە شۇنىڭغا

تەقلىد قىلىپ قويۇلغان لەقەملەر:

مەمتىمىن لوزۇك، سۇلايمان شاگزۇك، مەنسۇر ئاقساقال، ئابلىمىت مايۇر، نۇرۇم جىڭلى، ئۆمەر خاڭجاڭ، تېيىپ شەنگەن، مەسۇم شاڭيۇ، ئابدۇرېشىت ۋالى قاتارلىقلار.

3. ئىشلىگەن خىزمىتى، شۇغۇللانغان ھۈنەر كەسپىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:

بۇنىڭدا ھۈنەر كەسپ نامىغا قويۇلغان لەقەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، شۇ كىشى شۇ ھۈنەر كەسپ بىلەن ئەڭ بۇرۇن شۇغۇللانغان ياكى مۇشۇ كەسپنى دەسلەپتە باشقا يۇرتلاردىن ئېلىپ كەلگەنلەر، شۇنداقلا مۇشۇ كەسپ بويىچە داڭ ـ ئاتاق چىقارغانلار. مەسىلەن: ئىسمائىل زاسۇپېز، ئابدۇكېرىم دەپتەرچى، ئۆمەر دەيپۇ، غوجاخمەت تاموژنا، سالى سوت، ئىسمائىل تارىخ، ياسىن كىتاب، ئېلاخۇن دېھقان، تاش ساتىراش، تۇرسۇن زەرگەر، ئابلىز ساماۋار، تۇرسۇن گەلەنتىر، نۇراخۇن دارۋاز، باقى تۇڭچى، سەيدۇللا كارۋان قاتارلىقلار.

ئۇخشاش بىر خىل لەقەم بەزىدە خىلمۇخىل مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: ھىرئەغزەم پاختا (مەخسۇس پاختا سودىگىرى)، ئىلاخۇن پاختا (لاپچى، يالغانچى) ئەمەت پاختا (تور پاختا ياساپ ساتقۇچى)

4. مەشھۇر شەخسلەر، كىنو، رومانلاردىكى باش قەھرىمانلارغا ئوخشىتىپ قويۇلغان لەقەملەر:

توختى ناپالىئون، يارى پۇشكىن، مۇسا چاپايېۋ، ئابلىمىت بېلىكوۋ، خەمىت ۋېتلوگىن (سوۋېت پۇتبول چولپىنى)، مەجىت ياڭ زىرۇڭ، دىلمۇرات بىننو، قاسىم گاگارىن، ئابلىكىم زاتو (جۇڭگو فىلمى «نەيلىك ناخشا» قەھرىمانى)، ئىسمائىل تېتو، ئەنۋەر راجى، قۇربان جاكا (زاكىر) (بۇلار «سەرگەردان» فىلىمدىكى پېرسوناژلار)، ئابدۇرېھىم لىئونسىيو، («ئېزورا» كىنوسىدىن) قاتارلىقلار.

5. مىللەتلەر نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

تۇرسۇن ئورۇس، سىدىق مانجۇ، زوردۇن شىبە، كەردى قالماق، نۇرى سىگان، تەلئەت تۇڭگان، مەھەمەت لاتىن، ماخمۇت ئاۋغان، جاپپار قازاق، خەمىت نوغاي، يۈسۈپ پارس، قاسىم گېرمان، ئابدۇرېشىت ياپون، ئابدۇراخمان نېگىر قاتارلىقلار.

6. باشقا مىللەتلەر تىلى ئارقىلىق قويۇلغان لەقەملەر:

تۇرسۇن گىچىل (موگغۇلچە)، نۇردۇن كۆكچۈن (موگغۇلچە)، ئىبراھىم داخوجى، توختى شەنسىڭ، ئايگۈل ۋەنباۋ، كېرىم دودەن، غوپۇر دىڭخولۇ، ئالىم سوسكا، تۇرسۇن پۇكوس، ئابدۇللا ئېۋاشكا، يۇسۇپ چاڭموزا، كارۇشاك ئاخۇنوم، ئابدۇكېرىم پەنتۇ، قېيۇم كاۋبۇجو (ئىشەنچسىز)، روزاخۇن مېيۇگۈەنشى، سەمەت دانكىرات، توختى ماشكا، مۇسا بىڭگۇر، ۋەلى ۋاسكا، مەمەت باڭگازا، توختى لاڭ، مۆمىن داۋلى قاتارلىقلار.

7. تاماق، يېمەك ـ ئىچمەكلەر نامىدا قويۇلغان لەقەملەر:

مەمتىمىن پولۇ، ئىمىن خوشاڭ، بەختى چۆچۈرە، ئىبراھىم كاۋاپ، مەمەت چەمەن، كەرىم سۇيۇقئاش، ئابلىمىت شوۋىگۈرۈچ، ئىمام پوشكال، ئۆمەر بوسۇ، ئەخمەت بەلىش، ئارۇپ تاڭگا، توختى گىردە، ئاۋاكرى پەرمۇدە، مىرزات پومنان، ھوشۇر جەۋەندە، قاسىم ھېسىپ، ئەلى پاچاق، ئارۇپ قېرىن، ماخمۇت قايماق قاتارلىقلار.

8. كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلەر نامىدا قويۇلغان لەقەملەر:

نۇرى قىزىلچا، ئىسمائىل پەمدۇر، تۇرسۇن ياڭيۇ، مۇختار كاۋا، ئابدۇراخمان ئاچچىق ئۆرۈك، مەجىت پۇرچاق، غوپۇر جاڭدۇ، ئابلىز قوناق، ئىبراھىم خەمەك، سالى كاپۇسكا قاتارلىقلار.

9. ناخشا ـ ئۇسسۇل نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

تۇرسۇنئاي ئاق بېلىق، نۇرمەھەممەد چىڭمودەن، يۇسۇپ ۋالىس، سېيىت سارىخان، رۇسۇل ۋاي دادەي، مۇختار خانلەيلۇن، تۇرسۇن ياۋبەي، ئۆمەر ئەرخاڭ، شۆھرەت سىگانوچكا، تۇرسۇن دەردىڭا، ئوسمان گۈليارخان قاتارلىقلار.

10. چالغۇ ئەسۋابلار نامىدا قويۇلغان لەقەملەر:

روزى تەمبۇر، قادىر نەي، ياسىن داپ، ئەركىن راۋاب، ئىمىن غېجەك، ئابدۇللا دۇمباق، ئىمىن ناغرا، ئابلەت گارمون، تۇرسۇن چاڭ، ئابلىكىم گىتار، ئەيسا سۇنەي، كۆزەر غىدىغاق (ئىسكرىپكا)، ئەخمەت بارابان قاتارلىقلار.

11. كىيىم ـ كېچەك، رەختلەر نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

ھېزىم توپلى، ھېكىم چورۇق، ھوشۇرخان قاتتىق ئۆتۈك، مەسۇم چاپان، ئەمەت تۇماق، خەمىت كاستۇم، شېرىپ كالاچ، توختى شلەپە، مەمتكام قىرتۇماق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەخمەت گوركا (رۇسچە كالتە چاپاننى «كورتكا» دەيدۇ، يېزىلاردا تەلەپپۇزنى بۇزۇپ «گوركا چاپان» دەيدۇ)، ئىبلاخۇن ماتا، ياسىن چىبەرقۇت، مەخسۇم كاۋىركوت، هاكى پايپاق قاتارلىقلار.

12. ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك هالەتلەرنىڭ ئەرلەرگە لەقەم قىلىپ قويۇلۇشى:

مەمەت سەتەڭ، ئىمىن پەدەز، كىرىم زەيپانە، تۇردى چوكان، ئابلىز شاۋاخان، ئىمىن تەتەي، ئابدۇرېھىم دامىسكا، ئەيسا موماي، نۇرى قىز، تاھىر خېنىم، تۇرسۇن هۆرلىقا، ئابدۇرېشىت هەجەخان قاتارلىقلار.

13. ئەرلەرگە چىشى هايۋان - قۇشلار نامىدا قويۇلغان لەقەملەر:

ئەنۋەر بايتال، ئەخمەت ئۆچكە، نودەر ئىنەك، قىيۇم ساغلىق، ئىسمائىل كاككۇك، سادىر مېكيان قاتارلىقلار.

14. هايۋانات ۋە ئۇچار قۇش باللىرىنىڭ نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

نىياز تەخەي، تاھىر قوزا، مۇخپۇل بوجەن، سايىم بوتىلاق، ئەمەت موزاي، ئوسمان باچكا، جالال چۈجە، ئىمىن كۈچۈك، تېيىپ ئاسلان قاتارلىقلار.

15. تەبىئەت هادىسلىرىگە قويۇلغان لەقەملەر:

ئاۋاكرى قار ياغدى، سىدىق بوران، ئىسرائىل چاقماق، سابىت شۇۋرغان، ئوسمان گۈلدۈر، شاۋدۇن سوغ، خېلىل توڭ قاتارلىقلار.

16. كەيپ - ساپا توغرىسىدىكى لەقەملەر:

ئابدۇرېھىم كەيپ، ئىسمائىل خۇمارى، رىزا بەڭگى، لېتىپ بوچكا (هاراق تۇڭى)، ئوسمان شوپاڭ، تاش مەست، ئىسمائىل شوجۇ (جون هارىقى)، باۋدۇن كانياك، ئابلىكىم بەيلەندى، سېلىم پىنەك قاتارلىقلار.

17. ئادەمنىڭ بەدەن ئەزالىرى ئاساسىدا قويۇلغان لەقەملەر:

بۇنداق لەقەملەرنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى: شۇ خىل بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە، چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقا پەرقىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن: سالاھىدىن قۇلاق، ئەسپەر كاناي، هەسەنجان بۇرۇن، مەمەت كالپۇك، مەردان قولتۇق، ئىدرىس ئېڭەك، ئوسمانجان ياماپاش، مەرۇپ قورساق، سېتىۋالدى ياڭاق، هاشىخان بارماق قاتارلىقلار.

ئىككىنچى خىلى: شۇ خىل بەدەن ئەزادىكى ئاجىزلىقلار، يېتەرسىزلىكلەر، غەيرىي رەڭ تۈرلەرگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن: ئابدۇراخمان ئالتە قول، تۇرغان دوققى، روزەم ساقال، قۇربان ئاقباش، شەمشىدىن تاز، قىيۇم دوناي، زۇنۇن پاينەك، ئىبلاخۇن كۆككۆز، غېنى پالكۆز، سەلەي جىنتاق، مەمتىلى پاناق، ئەخمەت پور، تەلئەت كېكەچ، ياسىن ئاۋاق، رېھىم قوشقۇلاق، ئەمەت ئورۇق، مەمەت پاكا قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى خىلى: بەدەن ئەزالىرىدىكى مەلۇم فىزىيولوگىيەلىك هادىسىلەرنىڭ نورماللىسىزلىقىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر. مەسىلەن: تاھىر چىچقاق، تۇرسۇن سىيگەك، سېيىت ماڭقا، قۇربان شولگەي، قادىر چاپاق، خېلىل شاتراق.

18. بىر جۈملە سۆزلۈك لەقەملەر:

ئەخمەت قان ئاققان يالغان، ئابدۇرېشىت يىغلاپ كىردى، ئايشەمخان كېتەلمەيدۇ، تۇرسۇن بوشۇكى تالادا قالغان، ئىمىن ئامان بولايلى، قاسىم پىچاق كەستى، قۇناخۇن ئوت ئالدۇردى قاتارلىقلار.

19. كىشىلەرنىڭ مىجەز - خۇلقى هەققىدە قويۇلغان لەقەملەر:

غوپۇر چېچاڭ، تاش جودا، ئابلىمىت سەپرا، ئەلى كاززاپ، سىدىق ياۋاش، ئەمەت مۆرىمەس، ئابدۇرېھىم ئەزمە، ئىبلاخۇن كومشا، مەمەت توپىلاڭ، ئەخمەت قالايمىقان، مەمەت كاشال، ئالىم قاراقچى، ئابدۇللا نېرۋىن، تۇرسۇن چىگىش، ياقۇپجان پىششىق، ئۆمەر خەسىس توختى ۋارتاق، ئىمىن كاسكا، هۇسەن كولدۇر قاتارلىقلار

20. ئادەمنىڭ رەڭ تۈرىگە قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:

ئاق تېيىپهاجى، ساتتار سېرىق، ئابدۇللا قارىۋاي، قىزىل قۇربان، يارى نېگىرزىن، توختى چىپار قاتارلىقلار.

21. كۆچمە مەنىدىكى لەقەملەر:

بۇ خىل لەقەملەر ئەسلىي مەنىگە ئەمەس، بەلكى كۆچمە مەنىگە ئىگە بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ مىجەزىدىكى بەزى خاراكتېرلارنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ئىبراھىم قۇرۇق خالتا (باشقىلاردىن تاماكا سوراپ چېكىدىغان)، قادىر لەڭمەن (بېلى بوش)، ۋەلى ماماكاپ (چاكىنا، زاڭ)، هېلىمەم تاش پۇرچاق (پىخسىق، خەسىس)، ئوسمان قىزىلكۆز (هەسەتخور)، مامۇت قاتتىق نان (پىخسىق)،

ئابلىز موم (ھۇرۇن، ئېزىلەڭگۇ).

22. تەقلىدىي سۆزلەر بىلەن قويۇلغان لەقەملەر:

بۇلارنىڭ مەنىسى ھەر خىل بولسىمۇ، بىراق لەقەم قويۇلۇشتا تەقلىدىي سۆزلەر ئىشلىتىلگەن.

مەسىلەن: ھوشۇر گۇر ـ گۇر، ئابدۇرېھىم غاچ ـ غاچ، ئوبۇل تات ـ تات، روزى كوت ـ كوت، ئاۋاكرى ناي ـ ناي، مەنسۇر چوڭ ـ چوڭ، قاسىم شار ـ شۇر، ھاشىم پوك ـ پوك، ئابدۇللا جىرىڭ ـ جىرىڭ، تۇرسۇن شىپ ـ شىپ، مۇسا پاخ ـ پاخ، سۇلتان خىلڭ ـ خىلڭ، مۇتەللىپ پىر ـ پىر، سادىق موت ـ موت، جامالىدىن لۆم ـ لۆم، سىدىق جالڭ ـ جالڭ، مىجىت مىر ـ مىر قاتارلىقلار.

23. ياۋايى ھايۋانلار نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

ھەسەن بۆرى، ماخمۇت جەرەن، تۇرغان تۈلكە، مۇرات بورسۇق، سەمەت كىرپە، ئابدۇللا توڭگۇز، ئۆمەر مايمۇن، جالال مولۇن، نۇراخۇن چايان، ئابلىز سازاڭ، ئابدۇرېشىت چاشقان قاتارلىقلار.

24. ئۆي ھايۋانلىرى نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

ئىبراھىم تۆگە، سايىم كالا، روزى توخۇ، توختى ئۆكۈز، جېلىل خېچىر، ئابدۇرېھىم ئېشەك، قاسىم تايغان، مەمەت ئۆردەك، ئابلەت مۈشۈك، ئابدۇرېھىم قوتاز.

25. ئۇچار قاناتلار نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

ئىمىنجان قۇشقاچ، ئىسمائىل شەپەرەڭ، ئايۇپ سېغىزخان، تۇرغان قارغا، ساۋۇت چېكەتكە، مەسۇم قوڭغۇز، يۇنۇسئاخۇن ياچۋەك، ھەسەن بۆدۈنە، نۇراخۇن كەكلىك، رەيھان پاختەك قاتارلىقلار.

26. نەرسە ـ كېرەكلەر نامىغا قويۇلغان لەقەملەر:

خەمىت لوڭقا، شاكىر تەشتەك، سىدىق جاۋۇر، ئابلىكىم تونۇر، تۇرسۇن پانۇس، مەمتىلى چەينەك، ئىمام جومبۇ، ئابلىكىم گوداڭ، مەمتىمىن پورەك، توختى پالاق، نۇرى توپاتام، ئەخمەت قوڭغۇراق، تۇرسۇن كارىۋات، ئۆمەر پوكزەك قاتارلىقلار.

27. كىشىلەرنىڭ سۆزلەش ئالاھىدىلىكى ۋە ئىپادىلەشتىكى نۇقسانلىرىغا قاراپ قويۇلغان لەقەملەر:

ئابلىمىت «ئومۇمەن»، مەرۇپ «ئەپسۇسكى»، كېرىم «ماڭا قاراڭ»، ئابدۇرېشىت «ئۆزىنىڭ ئۆزى»، مۇسا «شۇنداق قىلىپ»، ئارۇپ «توختاپ تۇرۇڭ» قاتارلىقلار.

28. ئاغرىق كېسەل ناملىرىغا قويۇلغان لەقەملەر:

شاۋدۇن ئۆپكە، ھېببۇللا بەزگەك، رەخمەت چوقۇر (چېچەك ئىزى)، قادىر پالەچ، قېيۇم كۆك يۆتەل، ئابدۇسالام قىزىل كۆز (تىراخوما) قاتارلىقلار.

29. ئېيتىلىشى ئوخشىمىسىمۇ، مەنىسى بىر بولغان سۆزلەرگە قويۇلغان لەقەملەر:

توختى يالاڭئاداق، ئىبراھىم دىۋانە، ئوسمان گاداي، ئايۇپ قەلەندەر، نۇرى يالاڭتۆش، ھېببى باتراك (رۇسچە كەمبەغەل) قاتارلىقلار.

(ئاپتور: ئىلى ئوبلاستلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

## ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىزدىكى بىر قىسىم مۇھەررىرلەر كەنتكە چۈشۈپ «ئەل رايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمىتى ۋە نامرات كەنتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جىددىي خىزمىتىگە قاتنىشۋاتقان بولغاچقا، مۇھەررىر كۈچى يېتىشمەي، ژۇرنالنى ئۆز قەرەلىدە نەشر قىلىشتا قىيىنچىلىق كۆرۈلدى. دۆلەت ئاخبارات ـ نەشرىيات باش ئىدارىسى 31 ـ نومۇرلۇق پەرمانى «قەرەللىك ژۇرناللارنى نەشر قىلىشنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى»نىڭ 20 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ـ رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مەزكۇر ژۇرنال 2018 ـ يىلى 5 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە سەككىز ئاي نەشردىن توختىتىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن سەمىمىي ئەپۇ سورايمىز ھەمدە ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

2018 ـ يىل 4 ـ ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى







